ئىككىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال
ئۈچىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

# تەرمىلەر

مومايىنىڭ چىشىغا تەگمەڭ □ سېرىق قۇيرۇق قۇشنىڭ «خۇشبۇي»ھىدى □ بىر كەشپىياتنى بىر دۆلەتكە تېگىشىش



ISSN 1671-1327
05>
9 771671 132017

读者

2016·5

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«ئۆچەيلەن»







# قىساس ئالغان جەسەت

ئېنويى گېنكېن [ياپونىيە]
شىرئەلى ئەنۋەر تەرجىمىسى

كاتتىباش توراتانى، يىشىيى، كازىئېتو جىرو ئۈچى بىرلىشىپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار ھەممىسى مېنىڭ قارا گۇرۇھتىكى سەپداشلىرىم ئىدى.

كاتتىباش توراتانى ئاكسىيە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورىغا تەھدىت سالغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە كىرىپ قالغاندا، مەن ئۇنىڭ ئاشنىسى ئاكىكو بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ قالغانىدىم.

كېيىن، بىز كاتتىباشنىڭ ھەممە پۇلىنى ئوغرىلاپ، توكيوغا قېچىپ كېلىپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇشىمىزنى باشلىۋەتتۇق.

يېرىم يىلدىن كېيىن، تۈرمىدىن چىققان توراتانى يىشىيى بىلەن كازىئېتو جىرونى باشلاپ، شىددەتلىك ئەلپازدا بىزنى تۇتۇشقا ئاتلاندى ھەم ئاخىر S ئارشاڭ مېھمانخانىسىدا بىزنى قولغا چۈشۈردى.

— بىرەر خوتۇننىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى، لېكىن سەن مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكتۈڭ، جېنىڭنى ئالمىسام ئاچچىقىم چىقمايدۇ، — دېدى كاتتىباش زەردە بىلەن.

ئۇلار ئاكىكو ئىككىمىزنى بىر ئورمانغا ئاپاردى.

— سەندەك چۈپرەندىگە ئۆزۈم قول سېلىپ يۈرسەم قالماشمايدۇ. سەن بىر پارچە ۋەسىيەتنامە يېزىپ، دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلىۋالغىن! — دېدى ئۇ.

ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، شۇنداق قىلمايمۇ ئىلاجىم يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قەغەزگە: «چوڭامنىڭ ئاشنىسىنى ئەپقاچقانلىق گۇناھىمنى جېنىم بىلەن يۇماقچىمەن» دەپ يازدىم. توراتانى «ۋەسىيەتنامە»نى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى قاتلاپ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدى ھەم كازىئېتو جىرو ئىككىسى بوينۇمنى ئارغامچا بىلەن بوغۇشقا باشلىدى.

بۇ ئىشلاردىن قورقۇپ كەتكەن ئاكىكو ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇزاق تىركەشمەي، بىردەمدىلا جان بەردىم.

كازىئېتو جىرو ئالدىن تەييارلاپ قويغان تۆمۈر شوتا ئارقىلىق مېنى مىڭبىر تەسلىكتە ئېگىز بىر دەرەخ شېخىغا «ئېسىپ» قويدى.

— بولدى، ئەمدى ھېچكىم بۇنىڭ ئۆلۈۋېلىش ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايدۇ. قالغان ئىش سىلەرگە قالدى، ئىشلارنى ياخشى پۈتكۈزۈڭلار، — توراتانى شۇنداق دېگىنىچە ئاكىكونى يېتىلەپ كېتىپ قالدى.

ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، قالغان ئىككىيلەنمۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كېتىشتى. بۇ يەردە پەقەت مەنلا قالدىم.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەشلەردە يولدىن ئۆتۈۋاتقان پوچتىكەش جەسىتىمنى كۆرۈپ، ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ساقچىلار بىلەن مۇخبىرلار دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىشتى.

— بۇ يارىماس بىر خوتۇننى دەپ مۇشۇنداق قىپتۇ!

ئۇلار مېنى مازاق قىلىشتى، ھېچكىم ماڭا ھېسداشلىق قىلمىدى.

— توختاڭلار ! — دېدى بىر ساقچى تۇيۇقسىز، — بۇ ئۆلۈۋېلىش ۋەقەسى ئەمەس، بەلكى قاتىللىق!

شۇنداق قىلىپ، توراتانى ئۈچەيلەن تۈرمىگە تاشلاندى. مەنمۇ جەسىتىم ئارقىلىق «قىساس» ئالدىم. ئۇنداقتا، ساقچىلار قانداق يوچۇقنى بايقاپ قالدى؟

جاۋابى شۇكى، يىشىيى بىلەن كازىئېتو جىرو «ئۆلۈۋېلىش» نەق مەيدانىنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، ئەڭ مۇھىم قورال — شوتىنىمۇ ئەكەتكەنىدى. ئەگەر مەن ئۆلۈۋالغان بولسام، شوتا بولمىغان ئەھۋالدا، شۇنچە ئېگىز شاخقا قانداق چىقىمەن؟ چاتاق دەل مۇشۇ يەردىن چىققانىدى.

# تەرمىلەر

(ئايلىق ژۇرنال)

2016 - يىلى 5 - سان

ئومۇمىي 275 - سان



باش مۇھەررىر
مۇھەممەتجان مەخمۇت
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
مۇختار مامۇت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مەسئۇل مۇھەررىر
مۇختار مامۇت

ياردەمچى مۇھەررىر
ئېرشات دىلشات

مەسئۇل كوررېكتور
سەنەۋەر ئىبراھىم



ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ



ژۇرنالدا سۈپەت مەسىلىسى
كۆرۈلسە ژۇرنىلىمىز تارقىتىش
بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىڭ
(0991-2827472)
ئەسەر قوبۇل قىلىش ئېلېكترونلۇق
پوچتا ساندۇقى
(314447619@qq.com)


## مۇندەرىجە

### ئەدەبىيات گۈلزارى


موماينىڭ چىشىغا تەگمەڭ............[ئامېرىكا] ئار نۇسبومان 3
قائىدە بويىچە چاچ ياسىتىش.........[گېرمانىيە] لارىف ۋېنىل 6


### شەخسلەر


رۇسىيەنىڭ ۋىجدانى - سولژېنىتسىن............ تاڭ شاڭ 8


### چەت ئەلدە


ھەشەمەتلىك «پادىشاھ ئابدۇللا پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتې-
تى»..................................... بۇ شيەنجۈن 13


### مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش


«بىكارغا بەرسە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋال»امدۇق........ لىن يىفۇ 19


### جەمئىيەت كۆزنىكى


نامراتلار مەھەللىسىدىكى ئىجابىي كۆچ......... چېن يوۋزى 26


### ئاجايىباتلار


بېلگىيە بىلەن گوللاندىيە زېمىن ئالماشتۇرۇش ئالدىدا ... خۋې شيۈشۇڭ 30


### ئۆزگىچە تەپەككۇر


ناۋادا چيەنلۇڭ بىلەن ۋاشىنگتون ئاشپۇزۇلدا ئۇچرىشىپ قالغان
بولسا........................................ شياۋ بو 32


### ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن


دۇنياۋى ئۇرۇش مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن مەھ-
سۇلاتلار.................................. شيۇڭ يىڭ 34


### پىسخىك ھايات


«كۆپكە قادىرلار» نېمە ئۈچۈن بىرگىمۇ ماھىر ئە-
مەس...................................... ماۋ يۇلى 41



# مومايىنىڭ چىشىغا تەگمەڭ

گار نۇنبومان [ئامېرىكا]

زۇلفىيە ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

قېرىپ مۈكچەيگەن خاتىمان خانىم بانكىدىن چىقىپ، خىلۋەت بىر تار كوچىغا كىردى.

لېكىن، تۇيۇقسىزلا ئىككى بۇلاڭچى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ مومايىنى سىلكىشتۈرۈپ، ئۇنىڭ سومكىسىنى تارتتى. موماي جان - جەھلى بىلەن تىركىشىپ، سومكىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئەسەبىيلەشكەن بۇلاڭچىلار بولدى قىلىشنىڭ ئورنىغا مومايىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىگە ئۇرۇپ - تېپىپ، ئاخىر سومكىنى بۇلاپ كەتتى.

ھالبۇكى، بۇ قېتىملىق بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىنىڭ جەريانىنى ھېچكىم كۆرمىدى. ئارىدىن 15 مىنۇتلارچە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسى خاتىمان خانىمنىڭ يول ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ساقچىلار بىلەن قۇتقۇزۇش ماشىنىسى يېتىپ كەلگەن چاغدا، ھېلىقى ئىككى بۇلاڭچى ئاللىبۇرۇن غايىب بولغانىدى.

خاتىمان خانىم ساقچىلارنى كۆرۈپ، زەئىپ ئاۋازدا:

— مې ... مېنىڭ پۇللىرىم ... ئۇلار سوم ... سومكامنى بۇلاپ كەتتى، پۇل ... پۇللىرىمنىڭ ھەممىسى شۇ ... شۇ سومكىدا ئىدى، — دېدى.

— سومكىدا قانچە پۇل بار ئىدى، خانىم؟ — دەپ سورىدى بىر ساقچى.

خاتىمان خانىم بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ:

— 33 مىڭ دوللار، — دەپلا ھوشىدىن كەتتى.

موماي باشقا تەپسىلاتلارنى ئېنىق دەپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، مۇشۇ سوممىنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭ ئادەتتىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسى بولماستىن، بەلكى چوڭ دېلو دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ساقچى ئىدارىسى تۆت ساقچىنى دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلغاندا خاتىمان خانىم ھوشىغا كەلگەن ھامان ئىشنى تەپسىلىي سورىغىلى بولاتتى.

كۆپكۈندۈزدە 33 مىڭ دوللارنىڭ بۇلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ھەرقايسى گېزىتخانا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدىكىلەرمۇ دەرھال مۇخبىرلىرىنى دوختۇرخانىغا ئەۋەتىپ، خاتىمان خانىمنى زىيارەت قىلىپ، بۇ ئىشنى ئەڭ بۇرۇن خەۋەر قىلماقچى بولۇشتى.

دوختۇرلار خاتىمان خانىمنى داۋالاش ئۆيىدىن ئېلىپ چىققاندا، ئۇ بەئەينى مۇمىيالارغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئىككى بىلىكى، بىر پۇتى گەج بىلەن قاتۇرۇلغان، بېشى تېڭىقلىق ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا بولغاچقا، بىرنەچچە سوئالغا جاۋاب بەرگۈچىلىكى بار ئىدى.

ساقچى كىندىرۇس 40 ياشلار چامىسىدىكى قاۋۇل ئەر ئىدى. ئۇ باشقا ساقچىلارغا ۋەكىل بولۇپ سوئال سورىدى. ساقچىلارنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى ياندا تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاقلاپ، بىرنەچچە پارچە سۈرەت تارتتۇالدى.

— خاتىمان خانىم، ئاۋازىمنى ئاڭلىيالىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ساقچى كىندىرۇس.

— ھەئە، — دېدى ئۇ ماغدۇرسىز ھالدا.

— سىز ساقچىلارغا 33 مىڭ دوللار پۇلۇمنى بۇلاڭچىلار بۇلاپ كەتتى، دەپسىز. بۇ راستمۇ؟

— شۇنداق ...

— سىز نېمىشقا ئۇنچە كۆپ نەق پۇلنى يېنىڭىزدا ساقلاپ يۈرگەنىدىڭىز؟

خاتىمان خانىم بىرھازا تۇرۇۋېتىپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن مۇشۇنداق ئەخمەق خوتۇن، بەزىدە شۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىمەن. ھەر يىلى بىر قېتىم، بەزىدە ئىككى قېتىم بانكىدىكى پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋالىمەن. ئاندىن ئۇلارنى ئۆيگە ئاپىرىپ، قارايمەن، سىلايمەن. نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ يەنە بانكىغا ئاپىرىپ ئامانەت قويىمەن. بۇ قېتىم ... — ئۇنىڭ ئۈنى بارغانسېرى پەسىيىپ كەتتى، — بۇ قېتىم پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى يىتتۇردۇم.

— بۇلاڭچىلارنى تونۇيالامسىز؟

— ياق، ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. ناۋادا، ئۇلارنى قايتا ئۇچرىتىپ قالسامۇ تونۇيالىشىم ناتايىن. ئۇ ئىش دەققە ئىچىدىلا يۈز بەردى...

بۇ چاغدا تىنچلاندۇرۇش دورىسى كۈچىنى كۆرسەتتى بولغاي، خاتىمان خانىم ئۇخلاپ قالدى.

— ساقچى ئەپەندى، ئەگەر يەنە سورايدىغانلىرىڭىز بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئەتە كېلىڭ، ھازىر بىمار ئارام ئالمىسا بولمايدۇ، — دېدى سېسترا.

ئەتىسى ئەتىگەندە ساقچى كىندىرۇس گويا غەزەپلەنگەن ئېيىق كەبى «گۈس - گۈس» دەسسىگىنىچە دوختۇرخانىغا كىرىپ كەلدى. بىراق، ئۇ خاتىمان خانىم بىلەن سۆزلىشەلمىدى. خاتىمان خانىم تۈنۈگۈن كېچىدىن بۇيان ئويغىنىپ باقمىغان بولۇپ، دوختۇر كىندىرۇسنىڭ ئۇنى ئويغىتىشىغا يول قويماي، ئۇنىڭغا چۈشتىن كېيىن كېلىشنى ئېيتتى.

چۈشتىن كېيىن كىندىرۇس يەنە كەلدى. ئۇ ئەتىگەنكىدىن خېلى تىنچلىنىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە خاپا ئىكەنلىكى چىرايىدىن چىقىپلا تۇراتتى. خاتىمان خانىم كارىۋاتتا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بولۇپ، 16 - 17 ياشلاردىكى بىر پىدائىي قىز ئۇنىڭغا گېزىت ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. كىندىرۇس ئۇ قىزنى كېسەلخانا سىرتىدا بىردەم ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، خاتىمان خانىم بىلەن يالغۇز سۆزلەشمەكچى بولدى.

ھېلىقى قىز ئىشكتىن چىقىپ كېتىشىگە، كىندىرۇس:

— خانىم، سىز نېمىشقا ماڭا يالغان ئېيتىسىز ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى چۈشەنمىدىم، ساقچى ئەپەندى؟ — دېدى خاتىمان خانىم.

— بولدى خۇپسەنلىك قىلماڭ، خانىم. نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم سىزگە ئايان. مەن ھېلىقى خىيالىڭىزدىكى 33 مىڭ دوللار پۇلنىڭ گېپىنى دەۋاتىمەن. بۇ قېتىمقى بۇلاڭچىلىق دېلوسى توغرىسىدا ئىشتاتلىق ھەرقايسى گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە قانالىرىدا كۆپ خەۋەر بېرىلدى. لېكىن، مەن بانكىغا بېرىپ پۇل ئېلىش خاتىرىسىنى تەكشۈرگەندە، سىزنىڭ ئەزەلدىن بۇ بانكىدا ھېسابات ئېچىپ باقمىغانلىقىڭىزنى بىلدىم. سىز بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغان كۈنى ئۇ بانكىغا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق چېكىنى نەقلەشتۈرۈشكە بارغانىكەنسىز. بىلەمسىز؟

تۈنۈگۈننىڭ ئالدىنقى كۈنىمۇ بۇ ئىشنى ... 

تۈنۈگۈننىڭيىاقى مەن ئاشۇ بانكا بىلەن سىز ۋەقەگە ئۇچرىغان كوچىدا قاتراپلا يۈردۈم. ئۇ كوچىدا كۆزىتىش تېلېكامېراسى بولمىغاچقا، سىزنى بۇلىغانلارنىڭ تەق - تۇرقىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا مەن شۇ ئەتراپتىكىلەردىن گۇمانلىق ئىككى ئادەمنى ئۇچراتقان - ئۇچراتمىغانلىقىنى سوراپ، كىرمىگەن دۇكان - ئۆيلەر قالمىدى. لېكىن، سىز زادى نېمشقا يالغان ئېيتىسىز؟

شۇ تاپتا موماينىڭ چىرايىدىن ناھايىتى ئىلاجسىزلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ «مەندە نېمە ئامال» دېگەندەك مۈرىسىنى قىقىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— ئۇلارنىڭ بىر مومايغا قىلغان - ئەتكەنلىرىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ساقچى ئەپەندى، مەن بۇ ئىككى بالاكچىنىڭ ئۇنداق ئاسان قۇتۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن. مەن ئۇلارغا باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە چاڭ سېلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تېتىتىمەن، قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلىتىمەن. سىزمۇ ئۇزاققا قالماي مېنىڭ نېمشقا يالغان سۆزلىگىنىمنى بىلىپ قالىسىز.

كىندىرۇسنىڭ داۋاملىق گەپ سورىغۇسى كەلمىدى بولغاي:

— بوپتۇ، قالغان گەپنى بۇلاڭچىلار تۇتۇلغاندا بىرنەرسە دېيىشەرمىز. دېلودا قانداق ئىلگىرىلەش بولسا سىزگە خەۋەر قىلىمەن، — دەپلا كېسەلخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان خاتمان خانىم ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

— ھېلىقى ساقچى گېزىت ئوقۇدىمكىنە؟ — دېدى.

— ماڭا گەپ قىلدىڭىزما، موما؟ — دېدى ياندا ئولتۇرغان پىدائىي قىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ.

— ھەئە، سىزگە گەپ قىلدىم قىزىم. ماڭا گېزىت ئوقۇپ بېرىڭچۇ؟

— ماقۇل، موما ئەمىسە سىزگە باشقا يېڭى خەۋەرلەرنى ئوقۇپ بېرەي، — قىز شۇنداق دېگىنىچە ئەتىگەنلىك گېزىتنى يەنە قولىغا ئالدى.

— ياق، — دېدى خاتمان خانىم، — ماڭا ھېلىقى قاتىللىق دېلوسى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئوقۇپ بېرىڭ.

— بىراق، بۇ خەۋەرنى تۆت قېتىم ئوقۇپ بولدۇمغۇ؟

— بىلىمەن، ئەمما يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىڭ.

قىز گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى:

*تۈنۈگۈن كېچە سائەت 10 لار ئەتراپىدا، ساقچىلار 7 - كوچا 895 - نومۇرلۇق بىر تۇرالغۇدا يۈز بەرگەن قاتىللىق ۋەقەسىنى تەكشۈردى. ساقچىلار بۇ تۇرالغۇنىڭ مېھمانخانا ئۆيىدە ئىككى جەسەتنى بايقىدى. قانۇن دوختۇرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بىر - بىرىگە پىچاق تىقىپ، ئىككىلىسى قانسىراپ ئۆلگەنىكەن. ئۇ ئىككىسى ئىلگىرى شۇ تۇرالغۇدا بىللە تۇراتتىكەن. قوشنىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، تۈنۈگۈن ئۇ ئىككىسى بىر كۈن كەچكىچە ئۇرۇشۇپ، مۇشتلىشىپتۇ، بىر - بىرىگە توختىماي «پۇلنى زادى نەگە تىقىۋالدىڭ» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئاخىرىدا جىمىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىككىسى ئىلگىرى ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىدە ياتقانىكەن، نۆۋەتتە ساقچىلار بۇ دېلونى ئىنچىكىرىلەپ تەكشۈرۈۋاتىدۇ.*

خاتمان خانىم كۆكرىپ ئىششىپ كەتكەن ئاغزىنى ئېچىپ كۈلگىنىچە بوش ئاۋازدا:

— يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىڭچۇ، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قائىدە بويىچە چاچ ياسىتىش

لارىپ ۋېنىل [گېرمانىيە]
زۇلفىيە ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

تۈن ئىسپىدە پويىز بېكىتىدىكى ساتىراشخانىغا كىردىم.

— ياخشىمۇسىز؟ ئەپەندى، چاچ ياسىتامسىز؟ — سورىدى ساتىراش.

— ھە، چاچ ياسىتاي دېگەن.

— بېلىتىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

— نېمە؟ بېلەت دەمسىز؟ مەندە بېلەت يوق، مەن بۇ يەرگە پەقەت چاچ ياساتقىلى كىرگەن.

— كەچۈرۈڭ، ئەپەندى. بەلگىلىمە بويىچە، مەن پەقەت قولىدا پويىز بېلىتى بار يولۇچىلارنىڭلا چېچىنى ياساپ قويالايمەن، — دېدى ساتىراش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— بەرىبىر ھازىر ساتىراشخانىدا باشقا خېرىدار بولمىغاندىكىن، — دېدىم مەن تەكلىپ بېرىپ، — بىرەر قېتىم بەلگىلىمىنىڭ سىرتىدا ئىش قىلىپ قويسىڭىزمۇ ھېچنېمە بولماس؟

ساتىراش مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— ھۆرمەتلىك ئەپەندى، چاقچاق قىلمايۋاتقانسىز؟ بىلىشىڭىز كېرەككى، ھازىر يېرىم كېچە بولغان بولسىمۇ، ھەممە ئىش جەزمەن قائىدە بويىچە بولۇشى كېرەك. پەقەت بېلىتى بار يولۇچىلارلا بۇ يەردە چاچ ياسىتالايدۇ، — دېدى ـ دە، گېپىنى تۈگىتىپلا باشقا ياققا قارىۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز بېلەت سېتىش ئورنىغا بېرىپ:

— ماڭا پويىز بېلىتىدىن بىرنى بېرىڭە، — دېدىم.

— نەگە بارىسىز؟

— نەگە بولسا بولۇۋېرىدۇ، ماڭا بەرىبىر.

— قاللىڭىز جايىدىدۇ؟ — دېدى بېلەت ساتقۇچى قىز كايىپ.

— كاللام ئەلۋەتتە جايىدا، — دېدىم ئاچچىقىمنى زورغا بېسىۋېلىپ، — ماڭا بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بېكەتكە بارىدىغان پويىز بېلىتىدىن بىرنى بەرسىڭىزلا بولدى .

— قايسى بېكەتنى دېمەكچىسىز؟

— ئوماق قىز، سىزگە دېدىمغۇ، قايسىسى بولسا بەرىبىر، ئەڭ يېقىن بېكەت بولسىلا بولدى.

— ھېچ بولمىسا نەگە بارىدىغىنىڭىزنىغۇ بىلىدىغانسىز ؟

— مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن.

— ھېچ يەرگە بارغۇڭىز بولمىسا نېمىشقا بېلەت ئالىسىز؟ — دېدى ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە.

— چېچىمنى ياسىتاي دېگەن.

بېلەت ساتقۇچى بېلەت سېتىش كۆزنىكىنى «پاق» قىلىپ يېپىۋالدى. مەن سەل تۇرۇۋېتىپ كۆزنەك دېرىزىسىنى يېنىك قاقتىم:

— قىزچاق، — مەن ئاۋازىمنى مۇلايىمراق چىقىرىشقا تىرىشاتتىم، — بولدى، چېچىلماڭ، ماڭا بىر بېلەت سېتىپ بەرسىڭىزلا بولدى.

ئۇ قىز ماڭا زەردە بىلەن گۈلىيىپ قويۇپ، يەنە قولىدىكى كىتابقا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ساتىراش مەندىن بېلەت سورىغان، — دەپ تولۇقلىدىم ھىم ئېتىلگەن كۆزنەككە قاراپ.

بېلەت ساتقۇچى قىز كۆزنەك دېرىزىسىنى شۇنچىكى ئېچىپ:

— ساتىراش نېمە سورىدى دېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— بېلەت سورىدى، بېلەت! ئۇ قولىدا پويىز بېلىتى بار يولۇچىلارنىڭلا چېچىنى ياساپ قو-

يىدىكەن، — دېدىم قايتىلاپ.

بېلەت ساتقۇچى قىز شۇنىڭدىلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي:

— بولىدۇ، ئەمىسە سىزگە لايىبۇنىسقا بارىدىغان بېلەتتىن بىرنى بېرەي. بىر ياۋرو، — دېدى.

مەن بېلەتنى ئېلىپ، ساتىراشخانىغا ئىككىنچى قېتىم كىردىم.

— مانا، بۇ مېنىڭ پويىز بېلىتىم، ئەمدىغۇ چېچىمنى ياساپ قويارسىز؟

روشەنكى، كۆز ئالدىمدىكى ساتىراش ئۇنداق «گول» ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى.

— سىز پويىزغا چىقمايسىز، شۇنداقمۇ؟

— سىزگە لايىبۇنىسقا بارىدىغان بېلەتنى كۆرسەتتىمغۇ، شۇمۇ يەتمەمدۇ؟

— ناھايىتى ئەپسۇس، ئەپەندى، — دېدى ساتىراش قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — ئەگەر سىز پەقەت چاچ ـ ساقىلىڭىزنى ياستىتىش ئۈچۈنلا پويىز بېلىتى سېتىۋالغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا مەقسىتىڭىزگە ھەرگىز يېتەلمەيسىز.

مەن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتەۋاتقان ئاچچىقنى مىڭ تەسلىكتە بېسىپ:

— بىراق، — دېدىم ئۈنلۈك ئاۋازدا، — قولۇمدا پويىز بېلىتى بولغاندىكىن، مەن لايىبۇنىسقا بارالايمەن. شۇڭا مەن ئەلۋەتتە بىر يولۇچى ھېسابلىنىمەن.

— بىراق، سىز ھېچ يەرگە بېرىشنى ئويلىمىدىڭىز ـ دە، — دېدى ساتىراش تەرىنى تۈرۈپ، — شۇنداق ئىكەن، قولىڭىزدا پويىز بېلىتى بولغان تەقدىردىمۇ سىز يولۇچى ھېسابلانمايسىز.

مەن ئامالسىز يەنە بېلەت سېتىش ئورنىغا كەلدىم.

— قىزچاق، پويىز بېلىتىمۇ كار قىلمىدى، بولدى قايتۇرۇۋېتەي، — دېدىم.

— قايتۇرۇلمايدۇ، — دېدى قىز دەرھاللا.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئەگەر سىز بىرەر يەرگە بېرىش ئۈچۈن بېلەت سېتىۋېلىپ، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن يالتىيىپ قالغان بولسىڭىزغۇ قايتۇرۇپ بەرسەم بولاتتى، — دېدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىراق، ھەممە ئىش قائىدە بويىچە بولىدۇ. بايا سىز يولغا چىقمايدىغانلىقىڭىزنى جاكارلاپ بولغان. شۇڭا سىزنىڭ بېلەت قايتۇرۇش ھوقۇقىڭىز يوق. ھېلىقى ساتىراشنى يەنە ئىزدەپ باقامسىز يا؟ سىز شۇ ساتىراشنىڭ تەلپى بويىچە پويىز بېلىتى سېتىۋالغان ئەمەسمۇ؟

ئۆزۈمنى ئاران بېسىۋېلىپ، ساتىراشخانىغا ئۈچىنچى قېتىم كىردىم ھەم ھېلىقى «سۆيۈملۈك» ساتىراشقا بېلەت ساتقۇچى قىزنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ:

— بەلكىم بۇ پويىز بېلىتىنىڭ پۇلىنى سىز تۆلەپ بەرسىڭىز توغرا بولامدىكىن؟ — دېدىم.

— سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، — ساتىراش شۇنداق دېگەچ قولىدىكى گېزىتنى قويۇپ، ئۈستەلدىكى تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ھەم كىمگىدۇر تېلېفون قىلىپ، «قاچان ئىشتىن چۈشىسىز؟»، «يېنىڭىزدا خېرىدار كۆپمۇ؟» دېگەندەك تايىنى يوق تېمىلاردا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلاشتى.

— بولدى، — دېدى ئۇ تېلېفون سۆزلىشىپ بولۇپ، — ئەمدى چېچىڭىزنى ياسىتالايدىغان بولدىڭىز.

— خۇداغا شۈكۈر! — دەۋەتتىم خۇشاللىقىمدا.

— بىراق، بۇ يەردە ئەمەس، — دېدى ساتىراش، — لايىبۇنىس پويىز ئىستانسىسىدىكى ساتىراشخانىدا.

— بۇ ... مەن ...

www.uyghurkitap.com



# رۇسىيەنىڭ ۋىجدانى ــ سولژېنىتسىن

تاڭ شاڭ

ئەخمەت ئابدۇۋەلى تەرجىمىسى

ئۇنىڭ ھاياتى ئەگرى ـ توقايلىقتا تولغان. ستالىنغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن سەككىز يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن. تۇنجى ئەسىرى خىرۇشېفنىڭ تەستىقى بىلەن ئېلان قىلىنىپ داڭ چىقارغان. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى سەۋەبىدىن ۋەتىنىدىن قوغلىنىپ، چەت ئەلدە 20 يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن يېلتسىننى تەنقىدلەپ، پۇتىننى ماختىغانلىقى سەۋەبىدىن ئەيىبلەش سادالىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان... ئۇنىڭ بېشىدىن قانداق ئىشلار ئۆتسۇن ياكى قانداق باھا بېرىلسۇن، ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، «ھەققانىيەت» ئۈچۈن سۆزلەپ كەلگەن. ئۇ رۇسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ــ ئالېكساندىر ئىسايېۋىچ سولژېنىتسىندۇر.

## دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ۋە يازغۇچىلىق غايىسى

1918 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سولژېنىتسىن شىمالىي كاۋكازدىكى كىسلوۋودسكدا تۇغۇلدى. ئۇنىڭ دادىسى ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن تاسادىپىي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئانىسى بىلەن بىللە دون دەرياسى بويىدىكى روستورف شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى، نامراتلىقنىڭ دەردىدە بىرەر ۋاقمۇ تويۇپ تاماق يېيەلمىدى. ئانىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇ كىچىك تۇرۇپلا تۈرلۈك ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلدى: ۋاگون ئىتتەرگۈچى، تاش پارچىلىغۇچى، سىرچى، ياغاچچى ... بولدى.

كېيىن، ئۇ مەكتەپكە كىرىپ، ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، يېزىقچىلىق قىلماقچى بولدى. ئەمما، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا كەسىپ تاللىغاندا ئارزۇسىغا يېتەلمەي، 1936 ـ يىلى روستورف ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزمات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. دوستىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، خىمىيە كەسپىدە ئوقۇغان ناتالىيە لېشتوۋسكايا بىلەن توي قىلدى.

## «سەن قولغا ئېلىندىڭ!»

1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گېرمانىيە قوشۇنىنىڭ بىرونېۋىك قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چاقماق تېزلىكىدە باستۇرۇپ كىرگەندە، سولژېنىتسىن ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەمدىلا پۈتكۈزگەنىدى. ئۇ ئىككىلەنمەي ھەربىي سەپكە كىردى ھەم ئىككى قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى.

ئۇرۇشنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، سولژېنىتسىننىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمىغا بولغان ئېتىراپى قارشىلىققا ئۆزگەردى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرىلا، ئۇ بىر سەزگۈر كۆزەتكۈچى بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى سىياسىي چوڭ تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى



ساۋاقدىشى ۋىكتوۋىچقا يازغان خېتىدە، ستالىننى «شاپ بۇرۇت» دەپ ئاتاپ، شۇ چاغدىكى چىركىنلىك مەسىلىسىنى تەنقىد قىلغانىدى.

1945 - يىلى مەخپىي ساقچىلار ئۇنىڭ ساۋاقداشىغا يازغان خېتىدىكى داھىيغا بىھۆرمەتلىك قىلغان سۆزلەرنى تېپىپ چىقتى. ھەم سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى غەلىبە قىلغان كۈنىنىڭ ھارپىسى ئۇنى قولغا ئالدى.

1950 - يىلى 5 - ئايدا سولژېنىتسىن ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن جازالاندى. ئۇ تۇرمىنىڭ يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، سىبىرىيەنى كېسىپ ئۆتۈپ، قازاقىستاننىڭ شىمالىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا كەلدى. بۇ جايدىكى مەھبۇسلارنىڭ ئىسمى يوق، نومۇرىلا بار ئىدى. يامغۇر، پاتقاق، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇقتا مەھبۇسلار ئەمگەك مەيدانىغا پىيادە باراتتى. مەھبۇسلارنىڭ ئۈستىبېشى كۆندە ئىككى قېتىم ئاختۇرۇلاتتى. ئۇلار ھەر ئايدا ئۈچ كۈنلا دەم ئالالايتتى، ناشتىلىق ۋە كەچلىك تاماققا 500 گرام قارا بولكا ۋە بىر - ئىككى پارچە كۆكتات پارچىسى لەيلاپ تۇرىدىغان شورپا ئۆچرەت بىلەن بېرىلەتتى. بۇنداق ناچار تۇرمۇش شارائىتىدا، مەھبۇسلار تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كېتەتتى، ئەلۋەتتە.

1952 - يىلى ئۇنىڭ چاتىرىقىغا ئۆسمە ئۆسۈپ قېلىپ، ئۇزۇن ۋاقىت داۋالىنالمىدى، ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقانىدا، لاگېردىكى دوختۇرلار ئۇنى داۋالاشنى قارار قىلدى.

## خرۇشېۋ ئۇنىڭ تۈنجى ئەسىرىنى ئېلان قىلىشنى تەستىقلىدى

1956 - يىلى خرۇشېۋ ستالىننى ئاشكارا تەنقىد قىلدى، سىياسىي ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ، قامالغان ۋە سۈرگۈن قىلىنغان بەزى «مەھبۇس»لار قويۇپ بېرىلدى، سولژېنىتسىنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ريازان شەھىرىدە ماكانلىشىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ماتېماتىكا ۋە فىزىكا دەرسى بەرگەچ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىغا ئۆزىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدىكى تۇرمۇشى بايان قىلىنغان تۇنجى ئەسىرى — «854 - نومۇرلۇق مەھبۇس» ناملىق ھېكايىسىنى ئەۋەتتى.

مۇھەررىر ئاننا ساموينوۋنا ھېكايىدىكى باشقىچە پۇراقنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىدى. ئۇ بۇ ھېكايىنىڭ ئارگىنالىنى ئۆيىگە ئەكېتىپ، بىراقلا ئوقۇپ تۈگىتىپ ھاياجانغا چۆمدى. باشقا مۇھەررىرلەرمۇ بۇ ھېكايىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈپ چىقتى، ئاخىرىدا «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋالدوۋسكىينىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. ۋالدوۋسكىي پىشقان مۇھەررىر ۋە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوچۇق پىكىرلىك كىشى بولۇپ، سورۇن راسلاپ بۇ يېڭى بايقاشنى تەبرىكلىمەي تۇرالمىدى ھەم ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى «ئالتۇن ئىزدىگۈچىلەر ئالتۇن تېپىۋالغاندا ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەپ كەتكەندەك» ھالەتكە كەلدىم دەپ تەسۋىرلىدى.

ھالبۇكى، تەھرىرلەر مۇزاكىرە قىلىپ، ھېكايىنىڭ ماۋزۇسىنى «ئىۋان دېنىسوۋىچنىڭ بىر كۈنى» دەپ ئۆزگەرتىپ، خرۇشېۋقا يوللاشنى قارار قىلدى، خرۇشېۋ ئېلان قىلىشنى تەستىقلاپ، ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويدى.

1962 - يىلى 11 - ئايدا «ئىۋان دېنىسوۋىچنىڭ بىر كۈنى» ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە ئاجايىپ كۈچلۈك زىلزىلە قوزغىدى. سولژېنىتسىننىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدىكى ئادەتتىكى بىر كۈنلۈك تۇرمۇشى

uyghurkitap.com



ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى:

*ئۇلار ھەر ۋاقىت تامىقىدىن تېجەپ قالغان بولكا پارچىسىنى ئاق لاتىغا كۆڭۈل قويۇپ ئورايتتى. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا بولكا ئۇۋاقلىرىمۇ ئىسراپ بولمايتتى. ئۇلار بولكىنى قاتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇخلىغاندىمۇ ئۇنى قوينىغا سېلىپ، بەدىنىنىڭ ھارارىتى بىلەن ساقلايتتى. ئومۇمەن، ئۇلار بولكىنى ئالاھىدە قەدىرلەيتتى. ئۇ بولكا ئۇۋۇقىنى شۇمۇپ ھەم قارا، ھەم نەم تارتىپ كەتكەن بولكىدا ئاجايىپ شېرىن بىر تەم بارلىقىنى ھېس قىلاتتى. ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى، كارىۋاتتا يېتىپ شۇ كۈنلۈك تۇرمۇشىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى. شۇ كۈنى كىچىككىنە ھاسىلاتقا ئېرىشكەن بولسىلا چەكسىز بەختىيارلىق ۋە قانائەت ھېس قىلاتتى.*

سولژېنتسىننىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدىكى تۇرمۇشىنى بۇنداق ئۇمىدۋارلىق كەيپىياتى بىلەن بايان قىلىشى كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى ھەم يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى.

### «مېنىڭ روھىم ئىنسانىيەتنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى سەۋەبىدىن زەخىم يېدى»

1964 - يىلى 10 - ئايدا خىرۇشېف تەختتىن چۈشتى. داھىي ئالمىشىپ، سوۋېت ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ «شامال يۆنىلىشى»دىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. سولژېنتسىننىڭ ھېكايىسى ئاشكارا تەنقىدكە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ «راك كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىنا»، «بىرىنچى ھالقا» ناملىق رومانلىرى نەشر قىلىنىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئۇ ئىلاجسىز بۇ رومانلىرىنى فرانسىيەدە نەشر قىلدۇرۇپ، دۇنياۋى شۆھرەت قازاندى.

ئارقىدىن ئۇنىڭ «گۇلاگ تاقىم ئارىلى» ناملىق رومانىنىڭ كىچىكلىتىلگەن قول يازمىسىمۇ چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئۆتكۈزۈلۈپ، 1973 - يىلى 12 - ئايدا فرانسىيەدە نەشر قىلىندى.

«گۇلاگ» (ГУЛаг) دېگەن بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىنى باشقۇرۇش ئورنى» نىڭ رۇس تىلىدىكى قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇ ئورۇن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تۈزۈمىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. 1929 - يىلىدىن 1953 - يىلى ستالىن ۋاپات بولغانغا قەدەر، ئاز دېگەندە 14 مىليون مەھبۇس «گۇلاگ»قا نەزەربەند قىلىنىپ، 1960 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاندىن قويۇپ بېرىلگەن. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىنىڭ قانۇنى سىرلىق بولۇپ، 31 خىل جازالاش ئۇسۇلى نۆۋەت بىلەن قوللىنىلغان، بىگۇناھ كىشىلەرگە تۈرلۈك جىنايەتلەر ئارتىلغانىدى: بىر زاۋۇت باشلىقى يىغىندا چاۋاكنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتقىچە چالمىغانلىقى سەۋەبلىك 10 يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھۆكۈم قىلىنغان، بىر تىككۈچى يىڭنىسىنى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سۈرىتى بېسىلغان گېزىتكە سانجىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغان... ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدا سالاملىشىش ئۆلچەملىك بولمىسا، ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرمىسا، ئىش ئورنىغا كېرەكسىز نەرسە تاشلاپ قويسا، «يالغۇز كىشىلىك كامېرغا سولىنىش» جازاسى بېرىلگەن. قىشتا نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە گرادۇسلۇق سوغۇقتا، «يالغۇز كىشىلىك كامېر»دا مەشكە ئوت قالاش مەنئى قىلىنغان. سولانغان كۈندىن باشلاپ 3 -، 6 -، 9 - كۈنىلا تاماق بېرىلگەن، بۇنداق ئەھۋالدا ھايات قېلىش پەقەت مۆجىزە ئارقىلىقلا قولغا كېلىدىغان ئىش ئىدى.

ھالبۇكى، شۇ قەدەر كۆپ مۇشكۈلاتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سولژېنتسىن

ئەسەرلىرىدە ئۆزى توغرىسىدا توختىلىشىنىڭ ئورنىغا «مېنىڭ روھىم ئىنسانىيەتنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى سەۋەبىدىن زەخىم يېدى» دېگەن.

«گۇلاگ تاقىم ئارىلى» ناملىق رومان دۇنيا مىقياسىدا 30 مىليون پارچە سېتىلىپ، سولژېنىتسىننى سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى ئىچىدە كىتابى غەرب دۇنياسىدا بازار تاپقان بىردىنبىر ئادەمگە ئايلاندۇرغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تەقدىرىدە يەنە بىر قېتىم بۇرۇلۇش كۆرۈلگەن...

## «راست گەپلەرنى ئۈنلۈك دېيەلمىگىنىم سەۋەبلىك، ھاياتىم ئازاب ئىچىدە ئۆتتى»

1970 - يىلى شىۋېتسىيە پادىشاھلىق ئاكادېمىيەسى سولژېنىتسىنغا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بەردى. ئۇ مۇكاپات ئالغىلى بارماسلىقنى قارار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا «دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى» بىلەن قولغا ئېلىندى.

1974 - يىلى بۇ نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى «موزاينىڭ دۇب دەرىخىگە ئۇسۇشى» دە، 1956 - يىلى ريازان شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقاندىن تارتىپ 1974 - يىلى ۋەتىنىدىن قوغلانغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى «خۇپىيانە» ئىجادىيىتى ۋە تۇرمۇشىنى يازىدۇ. ئۇ ئادالەتسىز مۇئامىلىلەرنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەي، ئەكسىچە قىزىقارلىق - يۇمۇرلۇق شەكىلدە قەغەز يۈزىگە پۈتۈپ ماڭغان. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ كىتابتىكى سولژېنىتسىننىڭ خىلمۇخىل «يەر ئاستى» خىزمەت ئۇسۇلى ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ قول يازمىلىرىنى سىلىندىر شەكلىدە ئوراپ، شامپان بوتۇلكىسى ئىچىگە سېلىپ، ھويلىسىغا كۆمۈپ قويىاتتى ... ۋەھاكازالار.

«راست گەپلەرنى ئۈنلۈك دېيەلمىگىنىم سەۋەبلىك، ھاياتىم ئازاب ئىچىدە ئۆتتى. توسقۇنلۇقلارنى بۇزۇپ، ئاۋامغا راست گەپنى قىلىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىرىكشىپ كەلدىم» دەيدۇ سولژېنىتسىن.

سولژېنىتسىن ئامېرىكا يېزىلىرىدا 18 يىلنى ئۆتكۈزدى. ئامال قىلىپ ۋەتىنى ئىچىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا تىرىشتى، ئامېرىكا جەمئىيىتىگە زادىلا مۇھەببەت باغلىمىدى. ئانا تىلىنى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى رەت قىلدى. «زىيالىيلار ئۆز ۋەتىنىدىن، ئانا تىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەڭ ئەندىشە قىلىدۇ». ئۇزۇن يىللىق سەرسانلىق تۇرمۇشى ئۇنىڭ رۇس تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىشىغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭ ئازابىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى.

## «سولژېنىتسىننىڭ قەلىمىنى بويسۇندۇرغىلى بولمىغۇدەك»

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بىر قېتىملىق ئەل رايىنى سىناش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، رۇسىيەلىكلەر سولژېنىتسىنغا ئاجايىپ يۇقىرى باھا بەرگەن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئۈمىد قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى 48% كىشى ھەتتا ئۇنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ پرېزىدېنت بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان.

رۇسىيەنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى يېلتسىن پۇقرالارنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. 1994 - يىلى 5 - ئايدا بۇ بوۋاي 20 يىللىق سەرسانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېچە - كۈندۈز سېغىنغان ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي سەھنىدە رۇسىيە جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتتى.

1998 - يىلى سولژېنىتسىن 80 ياشقا كىرگەندە، پرېزىدېنت يېلتسىن ئۇنىڭغا

uyghurkitap.com



رۇسىيەنىڭ ئەڭ يۇقىرى دۆلەت شەرىپىنىڭ سىمۋولى بولغان «سان ئاندرېي ئوردېنى» بەرمەكچى بولدى. ئەمما، سولژېنىتسىن قولىنى سىلكىپ: «مەن رۇسىيەنى بۇگۈنكى ئاپەتلىك يىللارغا باشلاپ كىرگەن ئەڭ نوپۇزلۇق ئەربابنىڭ قولىدىن مۇكاپات ئالمايمەن» دېدى. يېلتسىن نائىلاج بولدى قىلدى. بۇ ھەقتە، يېلتسىن ئۆز ئەسلىمىسىدە: «سولژېنىتسىننىڭ قەلىمىنى بويسۇندۇرغىلى بولمىغۇدەك» دەپ يازغاندى.

توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى 2007 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى پۇتىن سولژېنىتسىنغا رۇسىيە دۆلەت ئوردېنى بەردى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ يېلتسىن تاللىغان بۇ ئىزباسارنىڭ قولىدىن مۇكاپاتنى ئالدى ھەم پۇتىننى رۇسىيەنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى دەپ ماختىدى.

سولژېنىتسىن بۇ ئىككى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتقا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيە تۇتتى. بەزىلەر سولژېنىتسىننىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمى، چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بولغاچقا، «قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرۇش ئارزۇسى» سەۋەبلىك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىغا «ھەسسە» قوشقان يېلتسىننى ئۆچ كۆرگەن دېيىشتى. ئۇ بۇنداق گەپلەرگە پىسەنت قىلماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە «جەڭگىۋار قەلىمى»نى ئويىنىتىشتىن توختاپ قالمىدى ...

2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سولژېنىتسىن موسكۋادا ۋاپات بولدى. رۇسىيە ئۇنىڭغا ئاتاپ داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

سولژېنىتسىننىڭ ھاياتىغا نەزەر سالغاندىن كېيىن، ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بۇ كىشىنى «رۇسىيەنىڭ ۋىجدانى» دېيىش خاتا بولمىسا كېرەك.

# خىسلەتلىك دورا

ئانتونې دې مىللېر [فرانسىيە]

بىر قېتىملىق تېببىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ بىر دوختۇرى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ خىسلەتلىك بىر دورا ياسىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

— بۇ دورىڭىز قانداق كېسەللەرنى داۋالىيالايدۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ قالغان دوختۇرلار بەس ـ بەستە.

— ھازىرچە بۇ دورىنىڭ قانداق كېسەلنى داۋالاشقا ماس كېلىدىغىنىنى بايقىمىدىم، — دەپتۇ ئۇ دوختۇر.

— ئۇنداقتا بۇ دورىڭىزنىڭ «خىسلىتى» زادى قەيەردىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭ گېپىدىن ھەيران بولغان دوختۇرلار.

«كەشپىياتچى» دوختۇر بىرئاز سۈكۈتتە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ھەم ... بۇ دورىنىڭ قانداق كېسەلگە شىپا قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەكس تەسىرى بارلىقىدا گەپ يوق. يەنى، بۇ دورىنى يېگەن بىمارلار قىسقا مۇددەتلىك خاتىرىسىنى يوقىتىدۇ ـ دە، ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا بىرگە كېسەلنى تۆت ـ بەش قېتىم كۆرسىتىپ، تۆت ـ بەش قېتىم ھەق تۆلەيدۇ...

مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان دوختۇرلار بۇ «ئالەمشۇمۇل» كەشپىياتنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياغدۇرۇپتۇ.

# ھەشەمەتلىك «پادىشاھ ئابدۇللا پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى»

بۇ شيەنجۇن

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان تەرجىمىسى

KAUST

پادىشاھ ئابدۇللا پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى (ئىنگلىزچە قىسقارتىلمىسى KAUST) سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ غەربىي دېڭىز بويىغا جايلاشقان. بۇ 36 مىليون كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى ناھايىتى ھەشەمەتلىك، كاتتا سېلىنغان ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كەتكەن. كۆلەم، ئەسلىھە جەھەتتە، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى دۇنيا بويىچە ئەڭ كاتتا دېسەك قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ. مەكتەپنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىراجىتىگە چەكلىمە قويۇلمايدۇ. تەتقىقات ئەسلىھەلىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. يۇقىرى ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 2009 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېڭى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھازىر دۇنيادىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرىدىن نەقىل ئېلىنىش نىسبىتى (ئىلمىي ماقالىلىرىدىن نەقىل ئېلىنىش نىسبىتى — ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنى ئۆلچەشتىكى ئەڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرى) ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان ئىلمىي ئورگاندۇر.

پادىشاھ ئابدۇللا پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرىمۇ ناھايىتى سەرخىل. مەكتەپ مۇھىتى ئەلا، قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئىقتىساد مەركىزى جىددە شەھىرىگە 80 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەكتەپتە ھەر كۈنى جىددە شەھىرىدىكى مال سېتىۋېلىش مەركەزلىرى ۋە دوختۇرخانىلارغا قاتنايدىغان ھەقسىز ئاپتوبۇسلار بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەككە، مەدىنە شەھەرلىرىگە قاتنايدىغان مەخسۇس لىنىيە بار. مەكتەپكە قاراشلىق دېڭىز سۈيىنى تۈزسىزلاندۇرۇش زاۋۇتى مەكتەپنى يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا گولف توپ مەيدانى، دېڭىزغا تۇتاشقان سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، سوقما توپ سارىيى قاتارلىق تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى تولۇق. بۇلار بىردەك ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەن.

بۇ مەكتەپنىڭ كاتتا «زەردار»لىقىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى تەمىناتىدۇر.

مەكتەپ تەمىنلىگەن ئىلمىي تەتقىقات خىراجىتى كۆپلۈكىدىن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. بۇ يەردە ھېچقانداق ئوقۇتقۇچى خىراجەتكە باش قاتۇرۇپ يۈرمەيدۇ. ئۇنىۋانغا قاراپ تەمىنلىنىدىغان ئىلمىي تەتقىقات خىراجىتى تۆۋەندىكىچە: ياردەمچى پىروفېسسورنىڭ ھەر يىللىق تەتقىقات خىراجىتى 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، دوتسېنتنىڭ 600 مىڭ دوللار، پىروفېسسورنىڭ 800 مىڭ دوللار.

پىروفېسسورلارنىڭ مائاش ۋە پاراۋانلىق تە-

مىناتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى. ئەمدىلا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان ياردەمچى پىروفېسسورنىڭ كىرىمى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئوخشاش دەرىجىلىكلەرنىڭكىدىن ئىككى - ئۈچ ھەسسە يۇقىرى. ئۇنىڭدىن باشقا، چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلارغا مائاشىنىڭ 50 پىرسەنتى بويىچە تولۇقلىما بېرىلىدۇ. شۇ بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ كىرىمى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئوخشاش دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭكىنىڭ ئۈچ - تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ياردەمچى پىروفېسسورلارنىڭ يىللىق كىرىمى 50 مىڭ دوللاردىن 80 مىڭ دوللارغىچە بولۇپ، پادىشاھ ئابدۇللا پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بېرىدىغان ئىش ھەققى يىلىغا 100 مىڭدىن 160 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغىچە، چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلارغا مەخسۇس بېرىلىدىغان ياردەم پۇلنى قوشقاندا 150 مىڭ دوللاردىن 240 مىڭ دوللارغىچە بولىدۇ.

دوتسېنت بىلەن پىروفېسسورنىڭ مائاشى خىزمەت تەجرىبىسى ۋە نەتىجىسىگە قاراپ يۇقىرى بولغاندا ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئۆرلىتىلىدۇ. بۇ يەردە پىروفېسسورلار تۇرىدىغان داچا، ئائىلە جابدۇقلىرى ۋە ئاشخانا سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، سەئۇدى ئەرەبىستاندا باج كەچۈرۈم قىلىنغان بولغاچقا، بۇ چەت ئەللىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

پادىشاھ ئابدۇللا پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ماگىستىر ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقانلىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىردەك ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى پۇل بېرىپ ئوقۇتىدۇ. ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا ھەر يىلى 25 مىڭ دوللار، دوكتور ئاسپىرانتلارغا يىلىغا 35 مىڭ دوللار مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئوقۇش ۋە ياتاق پۇلى پۈتۈنلەي ھەقسىز بولغاچقا، ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى بىر يىلدىمۇ خەجلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. تالاي ئوقۇغۇچى بۇ پۇل بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساياھەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېھتىمال دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن.

مەكتەپ يەنە ئوقۇغۇچىلارنى ئىنتايىن ئەۋزەل ياتاق مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، دوكتور ئاسپىرانتلار يالغۇز كىشىلىك، قوش قە-



ۋەتلىك داچىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ھەر بىر يۇرۇش داچىدا قوبۇلخانا، ھۇجرا، ئاشخانا، تازىلىق ئۆيى، مېھمانخانا قاتارلىقلار بار. شۇنداقلا ئاشخانا سايمانلىرى، توڭلاتقۇ، تېلېۋىزور، كىرئالغۇ، قۇرۇتۇش ماشىنىسى تولۇق سەپلەنگەن. ماگىستىر ئاسپىرانتلار ئىككى ياكى ئۈچ كىشىلىك ئۆيلەرگە كىرىپ ماكانلاشسا بولىدۇ. بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ ئەسلىھەلىرى دوكتور ئاسپىرانتلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، ئەمما كۆلىمى خېلىلا چوڭ.

پادشاھ ئابدۇللا پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئۇلىس: «ناۋادا سىز پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن تەتقىقات قىلىدىغان ئادەم بولسىڭىز، بۇ يەر سىزگە كۆڭۈلدىكىدەك ماكان بولالايدۇ. بۇ يەردە يەنە يەر شارىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئالىملار بىلەن ئۇچرىشالايسىز، روبىرو تۇرۇپ ئىلمىي پىكىرلىشەلەيسىز» دەيدۇ.

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھازىرقى مۇدىرى جېن لوۋ شامىئۇ ئىلگىرى ئامېرىكا كالىفورنىيە تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۇ مۇدىر بولغان ئالتە يىلدا كالىفورنىيە تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى تۆت قېتىم دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئالىي مەكتەپ بولۇپ باھالانغان.

شامىئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پادشاھ ئابدۇللا پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئادەم ۋە ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. تۈزۈلمىنىڭ جانلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىجادىيەت بوشلۇقى ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئىزدىنىش پەنلەر تەتقىقاتى بىلەن مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىلا نامايان بولۇپ قالماستىن، ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاشتا تېخىمۇ گەۋدىلىك. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نوقۇل ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى باھالىنىپلا قالماستىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى باشلامچىلىق رولىمۇ مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرى قاتارىدا نەزەرگە ئېلىنىدۇ».

مۇدىر شامىئۇ يەنە پادشاھ ئابدۇللا پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كەلگۈسى نىشانى ھەققىدە توختىلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ 2020 - يىلىغا بارغاندا مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى 20 كۈچلۈك ئۇنىۋېرسىتېت قاتارىغا كىرگۈزۈش، ئاسىيا بويىچە ئەڭ ئالىي ئۇنىۋېرسىتېت، ئىسلام دۇنياسى بويىچە ئىلىم - پەن ئەمەلىي كۈچى ئەڭ زور ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

## شىر بىلەن بۆكەن

بۆكەن بىلەن شىر ئاشخانىغا كىرىپتۇ. ئۇلار ئۇستەلگە جايلىشىپ تۇرۇشىغا، مۇلازىم كېلىپ:

— ئەپەندىلەر، ئىككىڭلارغا نېمە لازىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماڭا بىر تەخسە قۇرۇق چۆپ كەلتۈرۈڭ، — دەپتۇ بۆكەن.

— سىزگىچۇ؟ ئەپەندى، — سوراپتۇ مۇلازىم شىردىن.

— رەھمەت، ماڭا ھېچ نەرسە لازىم ئەمەس، — دەپتۇ شىر تەمكىن ھالدا.

— ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە يەپ قويمامسىز، ئەپەندى، قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ؟ — بىر تىيىننى بولسىمۇ ئارتۇق تېپىشنى ئويلىغان مۇلازىم شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، بۆكەن تېرىككىنىچە:

— نېمانداق گەپ چۈشەنمەيدىغان مۇلازىمسىز؟ ئەجەبا، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ بولسا، مەن مۇشۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرالامدىم؟ — دەپتۇ.

# بالا يۈرەر گىدىيىپ، بىچارە ئاتا ـ ئانا مۈكچىيىپ

رۇ جياڭجىڭ
ئۆمەرجان ئاموت تەرجىمىسى

ئۆتكەندە بىر دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ يېقىندا بىر نەۋرە ئىنىسى بىلەن خوككايدوغا ساياھەتكە بارغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

— كۆڭۈللۈك ئوينىدىڭلارمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ئىنىم ئىككىمىزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمايدىكەن. شۇڭا، سەپىرىمىز ئانچە كۆڭۈللۈك بولمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىنىسى ياپونىيەگە ساياھەتكە بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئاپىسى خاتىرجەم بولالماي، دوستۇمنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشقا دەۋەت قىلغانىكەن.

لېكىن، دوستۇمنىڭ كۆزىگە سىغمىغىنى، ئىنىسى ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىغا باقماي، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپكە يېڭى چىققان ئىستۇدېنتنىڭ پۇل تاپالمايدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي،



ساياھەت جەريانىدا پۇلنى ساماندەك سورۇپتۇ. كىچىككىنە بىر ئىشنى مىسال قىلىپ ئۆتسەك، ياپونىيەدە مال باھاسى ناھايىتى قىممەت، بىر تىلىم قوغۇن خەلق پۇلىغا 30 يۈەنلەرگە توختايدۇ.

— ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، ئۆزى پۇل تاپالمايدىغان بىر بالىنىڭ «ئۇسساپ كەتتىم» دەپلا، سۇ ئېلىپ ئىچمەستىن، بىراقلا ئۈچ تىلىم قوغۇننى يەۋېتىشى، يېنىدىن چىقىۋاتقان پۇلغا ئىچى ئاغرىماسلىقى سېنىڭ كۆزۈڭگە سىغامدۇ؟ — سورىدى دوستۇم مەندىن.

بۇ بالىنىڭ قىلىقى «سەن يۈرىسەن راھەت ـ پاراغەتتە، ئاتا ـ ئاناڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە» دېگەن گەپنى يادىمغا سالدى.

بۇنداقلار ئەتراپىمىزدا ناھايىتى كۆپ.

ئائىلە شارائىتى ئادەتتىكىدەك يەنە بىر دوستۇم بار. بىراق، ئۇ كۈنلىرىنى ناھايىتى «كاتتا» ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ئىدارىسىنىڭ تاماقلىرىنى ئۇخشىمايدۇ دەپ كۆزگە ئىلماي، ھەر كۈنى چۈشلۈك تامىقىنى ئاشپۇزۇلدا يەيدۇ، يەنە ھەر چۈشتىن كېيىنلىكى 10 نەچچە يۈەنلىك ئەتكەنچاي ئەكەلتۈرۈشى بار تېخى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بازار ئايلىنىپ قالساق، ھەمىشە مېنى ناھايىتى باس ـ باس، تاماقلىرى قىممەت ئاشخانىلارغا باشلايدۇ. بىللە ساياھەتكە چىقىپ قالغان چاغلىرىمىزدا، سەيلىگاھتىكى ھەر خىل بۇيۇملارنىڭ زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىلگەن باھالىرى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، يېمەكلىك، خاتىرە بۇيۇملىرى دېگەننى سېتىۋېلىۋېرىدۇ. پۇلنى تۆلەپ بولغان يېمەكلىك تىلىغا تېتىمىسىلا، شۇ ھامان تاشلاپ قويىدۇ.

لېكىن، هازىر مەن ئۇنىڭغا بەتتەخەجلىك قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلالماس بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ھەر قېتىم بۇ ھەقتە گەپ باش-

ئىشىمغا، ئۇ ماڭا مەنىستىمەسلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۆزى توقۇۋالغان ئاتالمىش ھېكمەتلىك سۆزدىن ئىككىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ئادەمنى غىققىدە قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى «ھېكمەتلىك» سۆزى: «قىز بالا دېگەن ئۆزىنى ياخشى كۆتمىسە بولمايدۇ». ئىككىنچىسى بولسا: «ئويىنغىلى چىققاندىكىن، كۆڭلىمىز خوش بولسىلا بولدى، پۇل بىلەن بەك ھېسابلىشىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.» بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە ئىقتىسادچىلراق بول دەي دېسەم، بەك پىخسىق كۆرۈنۈپ قالامدىمكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

دەسلەپتە، مەن ئۇنى خېلى ھاللىق ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، بىر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، بۇ قارىشىم ئۆزلۈكىدىن يوقالدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر شەھەر سىرتىدىكى ئادەتتىكى كونا ھەم زەي ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن. قارىسام مومىسى ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەكتەپ فورمىسىنى كىيىپ كۆكتات ئاقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مومىسىدىن:

— نېمىشقا قارتا ئويىنغىلى چىقمىدىڭىز؟ — دەپ سورىۋىدى، موماي:

— بۇ نەچچە كۈندە نەچچە ئون يۈەن ئۇتتۇرۇۋەتتىم. شۇڭا، بۈگۈن بارغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى. مەن ئۇلارنىڭ ھاجەتخانىسىغا كىرمەكچى بولغاندا، موماي ماڭا: «چېلەكتە پولسۇرتكۈچنى يۇيۇپ ئېشىپ قالغان سۇ بار، تەرەت تۈگىگەندە شۇ سۇنى قۇيۇۋەت. كۈنۈپكىسىنى باسماڭ، بىر باسسىڭىزلا بىرمۇنچە سۇ ئىسراپ بولىدۇ» دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. مانا مۇشۇنداق بىر ئىقتىسادچان موماي ئۆزى كۆكتات سېتىپ بىر يۈەن ـ بىر يۈەندىن يىغقان پۇلنى تولۇقى بىلەن بۇ نەۋرە قىزىغا تاپشۇرۇپ، ئۆز مەيلىچە خەجلىشكە قويۇپ بېرىدىكەن.

چۈشتە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تاماقتا بىللە بولۇپ قالدۇق. دادىسى: «قىزىم پۇل تېپىپ ئۆيىنى باقىسىكەن دېمەيمەن، تاپقان پۇلى ئۆزىنىڭ خەجگە يەتسە بولدى» دېدى.

كېيىن ئۇ دوستۇمنىڭ تەكلىپى بويىچە، بىر دەم ئېلىشتا بىللە ساياھەتكە چىقتۇق. ئۇ: «قىش بەك سوغۇق، ئىشقا بېرىپ ـ كېلىشتە توڭلاپ كېتىدىكەنمەن. شۇڭا، ماشىنا ئالايمىكىن دەيمەن، ئۆيدىكىلەرمۇ قوشۇلدى» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلەلمەي، كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندىم. شۇنداقلا، ئىلگىرى ئاڭلىغان مۇنداق بىر قىزىق گەپ خىيالىمدىن ئۆتتى: «مەن دەيمەن پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى، ئاتا ـ ئانام دەيدۇ سەن پۇل خەجلەشنىڭ پىرى».

بىزنىڭ قۇرداشلىرىمىز ئارىسىدا بۇنداقلار ناھايىتى كۆپ. يېقىندا توردا: «باللارنى پۇلدىن قىسىپراق چوڭ قىلىش كېرەكمۇ ياكى پۇلدىن قىسماي چوڭ قىلىش كېرەكمۇ؟» دېگەن مەسىلە توغرىسىدا مۇنازىرە بولدى. «پۇلدىن قىسماي چوڭ قىلىش كېرەك» دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغانلار: «ئەجەبا، بالىنى پۇلدىن قىسىش كېرەكمۇ؟ بۇنداق قىلغۇدەك بالىڭىزدا نېمە ئۆچىڭىز بار ئىدى؟» دەپ سوراشتى.

لېكىن، مېنىڭ بالىنى «پۇلدىن قىسماي چوڭ قىلىش كېرەك» دەيدىغان، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى سورۇپ خەجلەۋاتقان ئاشۇ پەرزەنتلەردىن «ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ سىزگە زادى قانچىلىك قەرزى بار ئىدى؟» دەپ سورىغۇم كېلىدۇ.

مېنىڭ يەنە بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن تارتىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقۇچە بولغان جەرياندىكى بارلىق چىقىملىرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا قەرز ھۆججەتتى يېزىپ بېرىپ ئالغان. ئانچە ـ مۇنچە ساياھەتكە

چىققاندا ئىشلىتىدىغان پۇلنىمۇ ئۆزى ئوقۇشتىن سىرت ئىشلەپ تاپاتتى. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇ ھەر ئايلىق مائاشىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ قەرزىنى بىر - بىرلەپ قايتۇرۇشقا باشلىدى.

ئەمەلىيەتتە، بالىنى «نامرات» تۇتۇش كېرەكمۇ، «باي» تۇتۇش كېرەكمۇ دېگەندەك ئىشلارنى مۇنازىرە قىلىشنىڭ پەقەتلا ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق، نۇرغۇن پەرزەنتلەر تويدا ئالغان ئۆينىڭ قەرزىنى ئاتا - ئانىسىغا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى مىلياردېرلاردەك ياشاۋاتقاچقا، جەمئىيەتتە مۇشۇنداق مۇنازىرە تېمىلىرى ئاۋۇپ قالدى.

ئەگەر سىزمۇ ماڭا ئوخشاشلا بىر ئاددىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولسىڭىز، ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ھەربىر تىيىننى تېپىشىنىڭ ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشىڭىز كېرەك.

ئاتا - ئانىلار تومۇز ئىسسىقتا تەرگە چۆمۈلۈپ جىسمانىي ئەمگەك قىلىۋاتقاندا ياكى كاتەكتەك بۆلۈمچىلەردە كومپيۇتېر ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، سىزنىڭ نوچىلىق بىلەن يېگەن بىر ۋاقلىق كاتتا تامىقىڭىز ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىنى سورۇۋەتسە، بۇنىڭغا ئازراقمۇ ئىچىڭىز ئېچىشمامدۇ؟ ئاتا - ئانىڭىز باشلىقلىرىنىڭ تىل - دەشنەملىرىگە، خېرىدارلارنىڭ ئاتكارچىلىق بىلەن ۋارقىراش - جارقىراشلىرىغا دۇچار بولۇۋاتقاندا، سىز بىغەم ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ ئويۇننى ئويناپ يۈرسىڭىز، كۆڭلىڭىز بىرقىسما بولمامدۇ؟

سىز iPhone،iPad،Mac قاتارلىق زامانىۋى ئالاقە قوراللىرى بىلەن ئۆزىڭىزنى تولۇق «قوراللاندۇرۇپ» يۈرگەن چېغىڭىزدا، ئاتا - ئانىڭىزنىڭ 100 مېگابايتلىق ئېقىم مىقدارى سېتىۋېلىشتىمۇ خېلى ئويلىشىپ، ئاخىرىدا يەنىلا بولدى قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

سىز ئۈچىڭىزنى داڭلىق ماركىلىق كىيىملەر بىلەن بېزىگەن، بىر جۈپ ئاياغ ئۈچۈنلا نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ يۈەننى خەجلەۋەتكەن چېغىڭىزدا، ئاتا - ئانىڭىز سىز چېنىپ كىيمىگەن كونا ئاياغلارنى كىيىپ يۈرىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن چىقىۋاتقان يېڭى ماركىلارنى بىلمىسە، ئۇلارنى زاماننىڭ ئارقىسىدا قالغان دەپ مەسخىرە قىلىشلىرىڭىز بار تېخى.

سىز ئۆزىڭىزچە بىلىمىم، نەزەر دائىرەم ئالىلىقاچان ئاتا - ئانامنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئىش ئۇقمايدۇ دەپ كۆزگە ئىلمىغان چاغلىرىڭىزدا، ئەمەلىيەتتە سىزنى مۇشۇ پەللىگە يەتكۈزگەن ئاشۇ جاپاكەش ئاتا - ئانىڭىز بولغاچقىلا، تېخىمۇ كەڭ دۇنيانى كۆرەلىگەنلىكىڭىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، يوق؟

سىز «ياشلىقىم پاشالىقىم» دەپ ئۆزىڭىزنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا ياشاۋاتقان چېغىڭىزدا، سىزنى مۇشۇ كۈنلەرگە ئۇلاشتۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ئاتا - ئانىڭىز كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سىزنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئالدىدا تولىمۇ كۆتۈرۈشچانلىق بىلەن ياشايدىغانلىقىنىغۇ تېخىمۇ بىلمەيسىز.

يېنىڭىزدا پۇل قالمىغان چاغدىلا ئاندىن ئاتا - ئانىڭىز ئېسىڭىزگە كەلمىسۇن، ئۇلار پۇل ئېلىش ماشىنىسى (ATM) ئەمەس. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھارارەت، ھەر قېتىملىق يۈرەك سوقۇشىدا مېھىر - مۇھەببەت بار. بىرەرىگە 100 يۈەن قەرز بولۇپ قالسىڭىز تېزرەك قايتۇرۇشنىڭ كويىدا تېپىرلاپ يۈرىسىز - يۇ، ئەجەبا مۇشۇنچە مىننەتسىز، ھېسابسىز «مۇھەببەت قەرزى»نى ئازراق بولسىمۇ قايتۇرۇشنى ئويلىمامسىز؟






# «بىكارغا بىر سىم زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋال»امدۇق

لىن يىفۇ
شاتنۇر ھوشۇر تەرجىمىسى

بىزدە «مۇت — زەھەر بولسىمۇ يۇت» دەيدىغان تەمسىل بار. بۇ تەمسىل بىكارغا كەلگەن نەرسىنى لازىم بولمىسىمۇ ئېلىپ قوي، كېيىن ئەسقاتىدۇ دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان. بۇ ياخشى پۇرسەتلەرنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان، كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەردىن قاراپ تۇرۇپ قۇرۇق قالىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ياخشى نەسىھەت. لېكىن، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بۇ سۆزنى بۇرملاپ، ھەقسىز ئاتالغانلىكى نەرسىلەرنى قارىقويۇق يىغىۋېلىپ، ھەقىقىي ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى ياردەمدىن مەھرۇم قويىدىغان ئەھۋاللار ئەدىمەكتە. تۆۋەندە شۇلارنىڭ بىرقانچە تۇرلۇك تىپىك مىساللىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

(1)

ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا، پىدائىيلار قاتارىدا مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە قاتناشتىم. ئۇ ۋاقىتتا بىز بىر خىل سولياۋ بىلەزۈك تارقاتقاندۇق. ئۇنى قولىڭىزغا سېلىۋالسىڭىز، سىزنىڭ مېيىپ ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرەتتى. بىلەزۈكنىڭ ئۈستىدە مېيىپلەرنىڭ ئۆچۈرلىرىنى يازىدىغان ئورۇن ۋە پىدائىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىلىشىش نومۇرلىرى بار بولۇپ، بۇ نومۇرلارغا تېلېفون قىلغانلار ھەر ۋاقىت يېقىن ئەتراپتىكى پىدائىيلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيتتى.

بۇ بىلەزۈك ناھايىتى نەپىس ياسالغان، ئۈستىگە ئاسان قىرىلىپ كەتمەيدىغان سۈزۈك ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئىچىگە ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى كىرگۈزگىلى بولاتتى.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، بىلەزۈك ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ تەگدىن تولىسى مېيىپ ئەمەس قىلمايتتى. ئۇلار كۈلۈمسىرىگەن پېتى مۇلازىمەت پونكىتىغا كېلىپ، بىلەزۈكنى ئېلىپ، قانداق ئىشلىتىشنىمۇ سورىمايلا كېتىپ قالاتتى.

يەنە بىر قېتىم بىز ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسىدا ھامىلدار ئاياللارغا «بالىغا سۈت ئەمدۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئاۋارە قىلماڭ» دېگەن خەت يېزىلغان، ئىشىك تۇتقۇچىغا ئېسىلىدىغان كارتوچكا تارقاتتۇق. بۇ كارتوچكا يۇمشاق سولياۋدا ياسالغان، ئۈستىگە كورپىيەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كارتون سۈرەتلىرى بېسىلغانىدى. ئادەم سانىمىز چەكلىك بولغاچقا، كىشىلەرنى ئۇزاق ساقلىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئەتراپقا ئاپتوماتىك ئېلىش ئاپپاراتى ئورناتقانىدۇق.

ئويلىمىغان يەردىن، بىر ئەتىگەندىلا بىز ئەكەلگەن ھەدىيە بۇيۇمىدىن يېرىم يەشىكلا قالدى. بۇنى ئالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھامىلدار ئاياللار ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

بۇ «ئاچچىق» ساۋاقتىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن ئۇ يەرگە قاراشقا مەخسۇس ئادەم قويدۇق. نەتىجىدە ئېشىپ قالغان يېرىم يەشىك كارتوچكا تۈگىمىدى. بەزىلەر پائالىيەت ئۇيۇشتۇرغۇچىنىڭ «كارتوچكىنى نېمىگە ئىشلىتىسىز» دېگەندەك سوئاللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا، يەنى بەزىلەر ھەقسىز نەرسىلەرنى «مۇداپىئە» قىلىپ تۇرغان بىزلەرنى كۆرۈپ، ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى.

مەن بارا ـ بارا شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەيلى بىز نېمىلا تارقىتايلى، ھەقسىز بولسىلا، ھاجىتى بار ـ يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئالدىغانلار چىقىدىكەن.

يەنە بىر تىپتىكى «ھەقسىزخۇمار»لار ھەقسىز نەرسىنى ئالمىسا ئۆزىنى زىيان تارتقادەك ھېس قىلىپ، بىئارام بولىدىكەن.

بېيجىڭدىكى كىتاب يەرمەنكىسىگە بارغاندا، تاغار كۆتۈرۈۋالغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچراتتۇق. ئۇلار تەرەپمۇتەرەپ چېپىپ يۈرۈپ، كۆرگەزمە خادىملىرى دىققەت قىلمىغاندا، شىركەتلەرنىڭ رەڭلىك تەشۋىقات ۋەرەقلىرى بىلەن كىتاب زاكاز قىلىش تىزىملىكلىرىدىن دۆۋە ـ دۆۋە ئەكېتىپ، كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنى ئوبدانلا قاقشاتتى.

ئۇلار بەلكىم مەن ئۇلارنى كېرەكسىز قەغەز ئورنىدا سېتىپ، تۇرمۇشۇمنى ياخشىلىدىم، بۇمۇ بىر خىل قىممەت يارىتىش دېيىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇنداق دېيىش بەكلا يولسىزلىق. چۈنكى، كۆرگەزمە ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن، بۇ نەرسىلەرنى كېرەكسىز قەغەز ئورنىدا سېتىپ يارىتىلغان قىممەت ھەرگىز ئۇنىڭ كۆرگەزمىدىكى قىممىتىگە يەتمەيدۇ.

**(2)**

يەنە بىر خىل ئەھۋال ئالدىنقىدىنمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ ھەم ئادەمنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنىتىدۇ.

باللارغا كىچىك نەرسىلەر قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ غەلۋىسىنى قىلسا، ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ غەلۋىسىگە چىداپ بولالماي ھەم بەربىر ھەقسىز بولغاندىكىن دەپ ئويلاپ، بىرنى ئېلىپ بالىسىنى بەزلەيدۇ. ياكى شۇ نەرسىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈچە، «بالام غەلۋە قىلىپ قالسا بەزلەشكە لازىم بولار» دەپ ئويلاپ، بىرنى ئېلىپلا ماڭىدۇ.

مېنىڭچە، بۇ دەل بالىغا تەربىيە بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. بىز مۇشۇنداق ۋاقىتتا باللارغا ئېرىشىشنى ئويلىغانلىكى نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ھەممە نەرسىنى ئېھتىياجغا ئاساسەن تاللاش كېرەكلىكىنى، شۇ ھەقسىز نەرسىلەرنى بىز ئېلىۋالساق، ھەقىقىي ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەندۈرسەك، بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىغا كۆپ مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەسمۇ؟

**(3)**

ئادەم بىلەن ھايۋان ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئادەملەر ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ، بۇنى ئادىمىلىك دەيمىز.

# بىر قەدەمنى ئارتۇق مېڭىڭ

چۇ جىيارۇي

ئالتۇنگۈل تۇرسۇن تەرجىمىسى

بىر قېتىم مەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىدىكى كەچلىك بازارغا بېرىپ، تاماق ساقلىغاچ، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. پاراڭ ئارىلىقىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يىل مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ھە، سىز مەكتەپ پۈتكۈزۈپ بوپسىز-دە؟ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلاي دەيسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— شوتلاندىيەگە چىقىپ ماتېماتىكا دوكتورلۇقىدا ئوقۇيمەن، تولۇق سومىلىق ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتىم، — دېدى ئۇ ياشلارغا خاس مەغرۇر ئاھاڭدا.

— ۋاھ، نېمىدېگەن قالتىس!

— ئەسلى مەن خارۋاد ياكى يالې ئۇنىۋېرستېتىنى تاللىساممۇ بولاتتى. لېكىن، شوتلاندىيەدىكى مەكتەپلا ماڭا تولۇق سومىلىق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بەرگەچكە، شۇ يەرنى تاللىدىم.

— سىز ئىلگىرى نېمە كەسپتە ئوقۇغاندىڭىز؟

— مەن ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ماتېماتېكىلىق ھېسابلاش كەسپىدە ئوقۇغان. دۇنيادا ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر شۇنچە كۆپ تۇرسا، سىز ئۇلارنىڭ نېمىشقا ماڭا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇ يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا؟ — سورىدىم مەن قىزىقىپ.

— چۈنكى، مەن ئالدىن تەييارلىق قىلدىم. مەكتەپكە ئىلتىماس سۇنىدىغان ۋاقىتتا، مەن ماتېرىيال كۆرۈپ كېلەر نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ لوندوندا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئولىمپىك كەنتىنىڭ مەن ئىلتىماس قىلماقچى بولغان مەكتەپتە ئېكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ دۆلەتلىك سۇ ئۈزۈش كوماندىسىغا سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرىنىڭ ئوخشىمىغان شارائىت ئاستىدىكى نەتىجىسىنى ياخشىلاش لايىھەسىنى سۇندۇم.

— شۇنىڭ راستىلا پايدىسى بولدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە! مەسىلەن، مەن ئۇلارغا سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرى قانداق ماتېرىيالدىكى سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيسە، سۇ ئىچىدىكى قارشىلىق كۈچىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى؛ ئوخشىمىغان ماھىرلار

---

ھايۋانلارنىڭ ھەۋىسى قوزغىلىپلا قالسا، ئۇنى تىزگىنلىشى بەسى مۈشكۈل. ئەگەر بىز ئۆزىمىز بىلەن ھايۋان ئارىسىدىكى بۇ پەرقنى سۇسلاشتۇرۇۋەتسەك ياكى يوقاتساق، بىزنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن؟!

قايسىدۇر بىر مىللەتنىڭ «قولۇڭدا ئىككى پارچە بولكا بولسا، بىرىنى ئەتىرگۈلگە تېگىشكىن» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزى بار. ھەقسىز نەرسىلەرنىڭ بىز ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇنى تېخىمۇ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە قالدۇرساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇنى ھەتتا چىقىمسىز سوۋغا دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

شۇڭا، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئېھتىياجىڭىز يوق نەرسىلەرنى «كېيىن لازىم بولار» دەپ يىغىۋالماڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارىسىدىكى مىنۇت، سېكۇنت پەرقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى؛ يەنە ئوخشىمىغان ماھىرلار ئوخشىمىغان ماتېرىيالدىكى سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيگەندە قانداق پەرقلەر كۆرۈلىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن ئېنىقلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى سانلىق مەلۇماتلارنى ھېسابلاپ چىقىمەن. بۇ نەتىجىلەر ماھىرلارنىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ لايىھەسى دەرۋەقە كۈچىنى كۆرسەتىپ، مەكتەپ ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇش ئىلتىماسىنى تەستىقلاپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا تولۇق سوممىلىق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بەرگەنىدى.

— ھەرقانداق مەكتەپكە ئىلتىماس سۇنغاندا، مەكتەپنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ھارغۇچە ماختاپ، ئۆزىڭىزنىڭ شۇ مەكتەپنىڭ ئەزاسىغا ئايلىنىشقا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتسىڭىز، بىرتالاي ئىلتىماس قىلغۇچىلار ئارىسىدا كۆزۈنمەيلا قالىسىز. مېنىڭچە، بۇنداق چاغلاردا ئادەم چوقۇم ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ ئويلاپ بېقىشى لازىم. مەسىلەن، مەكتەپ نېمە ئۈچۈن سىزنى قوبۇل قىلىدۇ؟ سىز مەكتەپ ئۈچۈن قانچىلىك تۆھپە يارىتالايسىز؟ مېنىڭ ئوقۇغان كەسپىم - ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئىنتايىن ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان پەن. بۇ يىل مەن ئۇلارنىڭ ماھىرلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ياردەملىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، كېلەر قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە پۇرسەت بار، شۇڭا بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، — دېدى ئۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، بىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنى ئىنتايىن تەلەيلىك كىشىلەر، دەپ ئويلايمىز. ئەمەلىيەتتە، قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم باشقىلاردىن بىر قەدەمنى ئارتۇق بېسىش كېرەك. مۇشۇ ئارتۇق بېسىلغان بىر قەدەم كۆپىنچە ھاللاردا سىزنى ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ ھەم مۇۋەپپەقىيەت يولىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ.

## پوچتىكەش ۋە يازغۇچى

لى جۇاڭ

يېزىقچىلىق جۈرئەت تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ.

ئامېرىكىدا ياشىغان رۇس يازغۇچىسى نابوكوۋدىن بىرەيلەن:

— نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ رومانلىرىڭىز رېئاللىقتىن شۇنچە يىراق ھەم ناھايىتى چۈشىنىكسىز، — دەپ سورىغاندا، ئۇ تېپىك «نابوكوۋ»چە جاۋابتىن بىرنى بېرىپ:

— چۈنكى، مەن پوچتىكەش ئەمەس، يازغۇچى، — دېگەن.

شۇنداق، ھېچقانداق يازغۇچى خەت - چەكلەرنى شۇ پېتى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان پوچتىكەشلەرگە ئوخشاش رېئاللىقنى ئەينى پېتى قەغەز يۈزىگە قوندۇرالمايدۇ. شۇنداقلا، يازغۇچىنىڭ زىممىسىدە ياخشىلىقنى تەشەببۇس قىلىش، رەزىللىكنى قامچىلاش ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئۇلار ھەربىر مەنزىرە، ھەربىر ۋەقەگە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرلىرىنى يوشۇرۇپ، رېئاللىقنى باشقىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

# تۇگمىنى دەپ تۇگىدىن قۇرۇق قېلىش

يۇڭ ۋاڭ

بەگزات مىرزائەخمەت تەرجىمىسى

سىچۇەنلىك ۋۇ دى ۋېنىتسىيەگە كەلگەندىن كېيىن، دوستىنىڭ ياردىمى بىلەن شەھەر مەركىزىدىكى كىچىك قانال بويىغا سىچۇەن تائاملىرى ئاشخانىسىدىن بىرنى ئېچىۋالدى. سودىسىمۇ خېلىلا يۈرۈشۈپ قالدى.

ۋېنىتسىيە كىنو بايرىمى مەزگىلىدە، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ساياھەتچىلەرنى كۆرگەن ۋۇ دى بۇرۇنقى «ئادىتى» بويىچە، بايرام مەزگىلىدە باھا ئۆستۈرۈش كېرەك، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاشخانىدىكى ھەممە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسىنى 1 ياۋرودىن 10 ياۋروغىچە ئۆستۈردى ۋە بىر كۈندىلا ئادەتتىكىدىن 670 ياۋرونى كۆپ تاپتى.

ئەمما، ۋۇ دى نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ كىنو بايرىمىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى باھا جەدۋىلىنىڭ توردا تارقىلىپ، شۇ جايدىكىلەر ئارىسىدا قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. نۇرغۇن كىشىلەر غەزەپلىنىپ: «بۇ جۇڭگوچە ئاشخانا باھانى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋالسا قانداق بولىدۇ؟!»، «بۇ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق خېرىدارلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىق، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى كېرەك!»، «قاراپ تۇر، ساقچىلار ئۇزاققا قالمايلا سېنى ئىزدەپ بارىدۇ!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغانىدى.

بۇنى كۆرگەن ۋۇ دى دەرھال دوستىغا تېلېفون قىلىپ، بولغان ئەھۋاللارنى ئېيتىۋىدى، دوستى ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ: «چاتاقنىڭ چوڭىنى تېرىپسەن» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋۇ دى دەرھال توردا خېرىدارلاردىن كەچۈرۈم سوراپ، ئارتۇق ئېلىۋالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى ۋە باھانى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەمما، ئۇ كېچىككەنىدى. ئەتىسى چۈشتە ساقچىلار ۋۇ دىنى ئىزدەپ كەلدى ۋە ئۇنى تىجارەت توختىتىشقا بۇيرۇپ، قولىغا ۋېنىتسىيە شەھەرلىك ھۆكۈمەت چۈشۈرگەن 200 مىڭ ياۋرولۇق جەرىمانە تالونىنى تۇتقۇزدى.

ۋۇ دى جەرىمانە تالونىنى ئېلىپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە باردى. خىزمەتچى خادىملار ئۇنىڭغا: «سىز ‹ئىتالىيە ئىستېمال قانۇنى›غا خىلاپلىق قىلىپ، بايرام مەزگىلىدە باھانى ئۆستۈرۈۋاپسىز، بۇ خېرىدارلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىق» دەپ چۈشەندۈرۈش بەردى.

— مەن خاتالىقىمنى بىلگەن ھامان تۈزەتتىم، شۇڭا سىلەرمۇ ماڭا پۇرسەت بېرىشىڭلار كېرەككۇ؟ — دېدى ۋۇ دى يىلىنغان ئاھاڭدا.

— خاتالىقىڭىزنى ۋاقتىدا تۈزەتكىنىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاران 200 مىڭ ياۋرو جەرىمانە قويدۇق. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا 100 يىللىق تارىخقا ئىگە بىر كونا دۇكان باھانى ئۆستۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، 600 مىڭ ياۋرو جەرىمانە قويۇپ، ئۆمۈرلۈك تىجارەتتىن توختاتقانىدۇق، ــ دېدى خىزمەتچى خادىم.

شۇنداق قىلىپ، ۋۇ دى كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ، خېرىدارلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزى «قاقتى ـ سوقتى» بولۇپ كەتتى.

# ۋەشىيسەم ۋە يۇمۇرلار

## نەشرگە تەييارلىغۇچى

بىر كۈنى جېك گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرسا، قىزىنىڭ يانفونىغا ئۇچۇر كەپتۇ. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا قىزى ئاشخانا ئۆيدە تاماقنى تەييارلىق قىلىۋاتقاچقا، جېك مۇھىم ئۇچۇر بولۇپ قالسا قىزىغا يەتكۈزۈپ قوياي دەپ ئۇچۇرنى، تېلېفونغا قاراپتۇ.

ئۇچۇردا: «مارىي، سىز گويا نەپىس يېزىلغان شېئىرلار توپلىمىغا ئوخشاش ھېسسىياتقا باي ھەم گۈزەل قىز سىز!» دېيىلگەنىكەن. بۇنى كۆرگەن جېكنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ:

— سولتەك، قالايمىقان بىلجىرلاپ يۈرمەي، ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ! — دەپ ئۇچۇر قايتۇرۇپتۇ.

— كىم سىز؟ — بۇ قەدەر قوپال «ئىنكاس»تىن چۆچۈگەن قارشى تەرەپ دەرھال يەنە بىر پارچە ئۇچۇر يېزىپتۇ.

— سەن مەدھىيەلىگەن «شېئىرلار توپلىمى»نىڭ نەشرگە تەييارلىغۇچىسى، — دەپتۇ جېك ئاچچىقىدا.

## ئەركىنلىك چەكلىمىسى

— ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان ئەڭ زور ئامىل قايسى؟

— يانفوننى زەرەتلەش سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى.

## ئۈلگە

دادا: سەن چوقۇم سىڭلىڭغا ياخشى ئۈلگە بولۇشۇڭ كېرەك.

ئوغلى: لېكىن، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدىغان تۇرسا.

دادا: بۇنى ئۆزۈڭنىڭ يارىماسلىقىدىن كۆرۈشۈڭ كېرەك.

ئوغلى: ئەمىسە ئۇ سىزنىڭمۇ گېپىڭىزنىمۇ ئاڭلىمايدۇغۇ؟

دادا: ...

## تۆۋەن نومۇر

ئوغلۇمنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىزچىل ناھايىتى ياخشى ئىدى. لېكىن، بۇ قېتىملىق مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئۇ ئەدەبىياتتا ئاران 78 نومۇر ئاپتۇ. بۇنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا كايىدىم:

— بۇ قېتىم نېمانچە تۆۋەن نومۇر ئالدىڭ؟ ئىلگىرىكى نەتىجىلىرىڭدىن مەغرۇرلىنىپ، ئۆگىنىشتە بوشىشىپ كېتىپسەن - دە؟

— ئۇنداق ئەمەس. سوئاللارنىڭ ھەممىنى ئىشلەپ بولۇپ قارىسام، ئاخىردا 20 نومۇرلۇق ماقالە يېزىش سوئالى بار ئىكەن. ماقالىنىڭ تېمىسى «ئىشچان ئاپام» ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، نېمە يېزىشنى پەقەت بىلەلمەي ...

— ...

## دوختۇر

بىر بىمار ئوپېراتسىيەخانىغا ئېلىپ كىرىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا قېچىپ چىقىپتۇ ھەم ئۇدۇل دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپ كىرىپ:

— ھەي، بۇ زادى قانداق دوختۇرخانا؟ مۇشۇنداقمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بارمۇ؟ — دەپ كايىپ كېتىپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، ئەپەندى، سىزگە زادى نېمە بولدى؟

— نېمە بولاتتى، بايا ئوپېراتسىيەخانىدا سېستىرا «قورقماڭ، بۇ دېگەن ناھايىتى ئاددىي ئوپېراتسىيە» دەپ يۈرىدۇ...

— بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ ئادەتتە ئۇلار بىمارلارنىڭ كەيپىياتىنى شۇنداق تىنچلاندۇرىدۇغۇ؟

— ۋاي بۇ گەپنى ماڭا دېسە مەيلىدى، ئۇ دوختۇرغا شۇنداق دەپ يۈرمەمدۇ...

— بۇ ...

# ئارگېنتىنالىق ھەجۋىي رەسىم ئۇستىسى
# گىنو ئەسەرلىرىدىن



www.uyghurkitap.com





# نامراتلار مەھەللىسىدىكى ئەجايىپ كۈچ

چېن يوۋزى

تاھىرجان ئەركىن تەرجىمىسى

نامراتلار مەھەللىسى تىلغا ئېلىنسا كۆپچىلىك ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىكى داراۋى نامراتلار مەھەللىسىنى ئەسلىشىدۇ، ئۇ ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ نامراتلار مەھەللىسى. 2009 - يىلى قويۇلغان «نامراتلار مەھەللىسىدىكى مىليونېر» دېگەن كىنو نامراتلار مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەپ بەرگەن: كىشىلەرنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدىلا ساڭگىلاپ تۇرغان ئىرماش - چىرماش توك سىملىرى، ھەر تەرەپتە ئېقىپ يۈرگەن يۇندىلار، گاژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن مىغ - مىغ پاشا - چىۋىنلار، بىرەر دەققىمۇ پەسىيىپ قالمايدىغان دىماقنى يارغۇدەك سېسىقچىلىق ... بۇلارنى كۆرمەي تۇرۇپ، شۇنداقلا خىيال قىلساقمۇ كۆڭلىمىز ئېلىشىدۇ. بىراق، نامراتلار مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەر ئاشۇنداق مۇھىتتا ياشايدۇ، باللار ئەخلەتلەر ئارىسىدىن بايلىق تېرىپ يۈرۈشىدۇ.

**دۇنياۋى شەھەر ئۆسمىسمۇ؟**

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2009 - يىلى بومبايدىكى 18 مىڭچە ئادەم 0.04 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى داراۋى نامراتلار مەھەللىسىدە قىستىلىشىپ ياشىغان، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم بىر ھاجەتخانىنى ئىشلەتكەن. ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا دۆلەتلەردىكى نامراتلار مەھەللىسىدىمۇ ئەھۋال ئاساسەن ئوخشاش. مەسىلەن، كېنىيەنىڭ پايتەختى نايروبىدىكى 2.5 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى جىبىرا نامراتلار مەھەللىسىدە 1 مىليونچە ئاھالە ياشايدۇ. رىئودى ژانىرو برازىلىيەدىكى 11 مىليونچە ئاھالىسى بار مەشھۇر زامانىۋى چوڭ شەھەر، بىراق بۇ شەھەردىكى 2 يېرىم مىليون ئادەم نامراتلار مەھەللىسىدە تۇرىدۇ. مېكسىكىدىكى نامراتلار مەسىلىسىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. مەزكۇر دۆلەتتە، 14 مىليون 700 مىڭچە ئادەم، يەنى تەخمىنەن %20 شەھەر ئاھالىسى نامراتلار مەھەللىسىدە ياشايدۇ. تايلاند، بېنگال قاتارلىق نۇرغۇن ئەللەردىمۇ ئوخشاش مەسىلە مەۋجۇت. ھەتتا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەردىمۇ قارىماققا نامراتلار مەھەللىسىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە نامراتلار رايونى مەسىلىسى خېلى ئېغىر. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدىكى خاررىم رايونى بۇنىڭ دەلىلى.

جۇڭگودا بۇ خىل ئومۇمىي ھادىسىگە ئايلانغان نامراتلار مەھەللىسى بولمىغىنى بىلەن، بىراق شەھەرلەردىكى ئاددىيلا، قائىدىگە خىلاپ ياسالغان كەپە ئۆيلەر زور ساندىكى كەپىلىك رايونلارنى ھاسىل قىلغان. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، شەھەرلەرگە كىرگەن 240 مىليون ئىشلەمچىنىڭ

يېرىمىدىن كۆپرەكى خەتەرلىك ۋە تازىلىقى ناچار «شەھەردىكى كەنت»لەردە ياشايدىكەن. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يىۋۇ شەھىرىنى مىسالغا ئالساق، سىرتتىن كەلگەن 1 مىليون 433 مىڭ ئاھالىنىڭ يېرىمىنىڭ نوپۇسى بۇ شەھەردە بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەرزان ئىجارىلىك كەپىلىك رايونلاردا ئولتۇرىدىكەن.

نامراتلار مەھەللىسىنىڭ ئولتۇراق شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولسىمۇ، يەنىلا ئادەملەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ روشەنكى، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا سېلىشتۇرغاندا، نامراتلار مەھەللىسى جايلاشقان شۇ شەھەردە پۇرسەت تېخىمۇ كۆپ. ھىندىستاندىكى بومبايىنى مىسالغا ئالساق، بومباي ھىندىستاننىڭ سودا ۋە ئىستراھەت كەسپىنىڭ مەركىزى. ھىندىستان ئامانەت بانكىسى، دۆلەتلىك ئاكسىيە بىرژاسى ۋە نۇرغۇنلىغان ھىندىستان شىركەتلىرىنىڭ باش ئىشتابى قاتارلىق مۇھىم پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. دەل مۇشۇنداق كەڭ سودا پۇرستى بولغاچقا، بومباي ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، خىلمۇخىل ئىجتىمائىي توپ ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ داش قازىنىغا ئايلانغان.

زور ساندىكى دېھقانلار شەھەرلەرگە كىرگەن بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچە ھۈنەر جەھەتتە يېتەرسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر ئاھالىلىرىدەك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى بولمىغاچقا، كىرىمى، دەرىجىسى تۆۋەن ئىشلارنى قىلىشقا، مال باھاسى نىسبەتەن ئەرزان جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىلدىن كېيىن نىسبەتەن نامرات كىشىلەرنىڭ جەمگاھى — نامراتلار مەھەللىسى شەكىللەنگەن.



زور كۆپچىلىك كىشىلەر: نامراتلار مەھەللىسى «شەھەرلەردىكى قاداق»، ھەتتا تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردىكى «ئۆسمە». ئۇلار شەھەر قىياپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە شەھەرلەرنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئامانلىقىغا بىۋاسىتە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا، نامراتلار مەھەللىسى شەھەر، جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادقا پەقەت پاسسىپ تەسىرلەرنىلا ئېلىپ كېلەمدۇ؟ ئۇ شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چېكىندۈرەمدۇ؟

ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس!

## ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان نامراتلار مەھەللىسى

شۇنداق قىياس قىلىپ باقايلى، مۇبادا ھەممە شەھەردىكى نامراتلار مەھەللىسى چېقىۋېتىلسە، دەرۋەقە شەھەر قىياپىتى رەتلىك، ئامانلىقىمۇ ياخشى بولىدۇ. بىراق، ئەڭ تۆۋەنكى قاتلامدىكى مۇلازىمەت كەسپىنى كىم قىلىدۇ؟ شەھەرلەردىكى ئەخلەتلەرنى كىم بىر ياقلىق قىلىدۇ؟ كېرەكسىز بۇيۇملارنى كىم يىغىدۇ؟ ...

نامراتلار مەھەللىسى شەھەرلەردىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىگە پاناھگاھ بولۇپلا قالماي، يەنە شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى. نامراتلار مەھەللىسىدىكى ھۈنەرۋەنلەر، كوچا -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كويلاردىكى ئاشپۇزۇللاردا ئىشلەيدىغان مۇلازىملار، كىرەكسىز بۇيۇملارنى يىغقۇچىلار ۋە يانفون بېدىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشىغا ھەسسە قوشقۇچىلاردۇر. مەسىلەن، كاسىپخانىلاردا ياسالغان كىچىك بېزەك بۇيۇملار ئاۋات رەستىلەردىكى چوڭ سودا سارايلاردىن ئورۇن ئېلىپ، شەھەرلەردىكى تاۋار ئوبوروتى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن.

ھەممىزگە ئايان، نامراتلار مەھەللىسىنىڭ پەيدا بولۇشى بىر ئىستىخىيەلىك، يەنى ھېچقانداق پىلانلاشتىن ئۆتمىگەن جەريان. شۇنداقلا، بىرەر كىشى ئۇنى ئالايىتەن باشقۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇلار دائىم ئاۋات تۆمۈر يول لىنىيەسىنىڭ ياقىلىرىدا ۋە شەھەرلەردىكى ئەخلەت دۆۋىلىرىنىڭ يېنىدا شەكىللىنىدۇ. لوندون، نيۇيورك، سان فرانسىسكونى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان چوڭ شەھەرلەر ئەڭ دەسلەپ نامراتلار مەھەللىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان «كىچىك تۆرەلمە»دىن زورايغان.

ئافرىقا، ئاسىيا ياكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كەپىلىك رايونلاردا قىسقا مۇددەت ئىچىدە گۈللەنگەن، ئەمما ئاددىي بازارلار مەيدانغا كېلەلەيدۇ. دوقمۇشلاردىكى ئاشپۇزۇللار، كىرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش ئورنى، كىچىك ساتىراشخانىلار، يانفون ئېلىپ - سېتىش يايمىلىرى، قاچا - قۇچا دۇكىنى، كۆپەيتىلمە پىلاستىنكا دۇكىنى دېگەندەك. بۇ جايدىن تۇرمۇشقا لازىملىق ھەممىلا نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇ ئەڭ زىچ بولغان شەھەر تۇرمۇشى، غايەت چوڭ ئەمگەك كۈچى بازىرى، شۇنداقلا يەنە ھاياتىي كۈچكە تولغان نامراتلار مەھەللىسى، بۇ جايدا كۆلىمى زور باشقا بىر خىل ئىقتىسادىي ھالەت شەكىللەنگەن.

نامراتلار مەھەللىسى ئاللىبۇرۇن دۇنياۋى ئىقتىسادنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ بولدى. مەسىلەن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كەپىلىك رايونلاردىكى بازار ۋە يايمىلاردا جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىلغان كىيىم - كېچەك ۋە ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار سېتىلىدۇ. M-Pesa دەك ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىجادىي تېخنىكا بولغان كۆچمە ھەق تاپشۇرۇش سىستېمىسى ئەڭ دەسلەپ كېنىيەنىڭ كەپىلىك رايونلىرىدىكى ئېلېپساتار تىجارەتچىلەردىن باشلانغان. بومباينى مىسالغا ئالساق، بۇ شەھەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك نامراتلار مەھەللىسى، بىراق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، پۈتكۈل ھىندىستان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئالتىدىن بىر ئۈلۈشىنى مۇشۇ شەھەر يارىتىدۇ.

## نامراتلارغا ئىجابىي كۈچ بېرىش

يېزىدىن كەلگەن بىر ياشقا نىسبەتەن چوڭ شەھەرلەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يالغۇز پۇلدىلا ئەمەس، بەلكى شەھەر ئاتا قىلغان ئەركىن تۇرمۇشتا. نامراتلار مەھەللىسىدىكى ئاشۇ ياشلار نامراتلىق تۈپەيلى ئېزىلىپ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن بىر توپ كىشى ئەمەس، بەلكى يات ئاردا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ترمىشۋاتقان غايىلىك، ئارزۇلۇق بىر «قوشۇن». ھىندىستاندىكى بومبايدا 16 ياشلىق راجىب روي ئاشۇ قالايمىقان نامراتلار مەھەللىسىدە يالاڭ ئاياغ توپ تېپىپ يېتىشىپ چىققان. تۇرمۇشى قانچە نامرات بولسىمۇ ئانىسى ئۇنى ھامان بىر كۈنى «يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتى»نىڭ مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىغا كىرگۈزمەكچى بولغان. كېيىن، ئۇ مانچېستېر بىرلەشمە مەشىق لاگېرىغا تاللىنىپ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ۋاھالەنكى، چەت يېزىدا ياشاۋەرگەن بولسا ئۇنىڭ پۇتبول تالانتى

كۆزگە چېلىقماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

نامراتلار مەھەللىسىدە مەينەتچىلىك ۋە جەڭگە - جېدەلدىن باشقا، ھەمكارلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەتمۇ كەم ئەمەس. بۇ يەردىكى كىشىلەر «قىستىلىپ»لا ياشىغاچقا، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار ئارا ھەمكارلىشىپ، مەنپەئەت يەتكۈزۈشۈپ ئۆتىدۇ. بۇ يەردىكىلەر بىر - بىرىنى ئوبدان بىلىشىدۇ. بۇ جايدا «تەنھا» ئادەم يوق، بەلكى قاتمۇقات ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئورگانىك پۈتۈنلۈك بار. تەتقىقاتچىلار بومبايدىكى نامراتلار مەھەللىسىدە مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايقىغان: بەزىلەر يېتەرلىك پۇل تاپقاندىن كېيىن ئادەتتىكى تۇرالغۇلارغا كۆچۈپ بارغان، بىراق ئۇ جايدا زېرىككۈسلىك ۋە تەنھالىق ھېس قىلغاچقا، يەنە نامراتلار مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەتكەن. بومباي دەل مانا مۇشۇنداق كۆرگىلى بولمايدىغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان تورغا تايىنىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

نامراتلار مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا بەكلا ناچار بولسىمۇ، بىراق بۇ جايدا ياشايدىغانلار يېزىلاردىكىلەرگە قارىغاندا ياخشى تۇرمۇش شارائىتى ۋە تاپاۋەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئويلايدۇ. نامراتلار مەھەللىسىدىكى ئۆيلەر بىزگە ئەسكى كەپىدەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئۇ جايدىكى كىشىلەر ئىزچىل ئاشۇ ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن تۆۋەن تەننەرخ، ئاددىي ماتېرىياللار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى ئايرىلالمايدىغان ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىمۇ «ئىجادىيلىقتا ئەڭ باي شەھەر» — نامراتلار مەھەللىسى شەھىرىنى قۇرۇپ چىقتى. نۇرغۇن شەھەرلەردە ئەڭ نامرات نامراتلار مەھەللىسى بىلەن ئەڭ باي بايلار رايونى بىر - بىرىگە

ناھايىتى يېقىن جايلاشقان. بۇنداق بولغاندا، بالا باققۇچى، باغۋەن، شوپۇر، ئامانلىق قوغدىغۇچى قاتارلىق نامرات مەدىكارلار بىۋاستىلا ئىشقا بارالايدۇ، ئىقتىساد ئىلمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ بىر خىل يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلىنىشتۇر.

ئاخىردا، نامراتلار مەھەللىسى يېزىلارنى ئازاد قىلدى. بارغانسېرى كۆپ كىشى يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كۆچۈپ، نۇرغۇن بوش ۋە تاشلاندۇق يەرلەرنى قالدۇرۇپ قويىدى، يېزىلاردا قالغان ئاشۇ يەرلەر بىرلەشتۈرۈپ تېرىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ چوڭ كۆلەملىك ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېرىقچىلىق بەرپا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يەنە بىر جەھەتتىن تېرىلغۇ يەرلەر تاشلىنىپ قالسا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتمۇ ئەسلىگە قايتىدۇ. مەسىلەن، پانامادىكى بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، شۇ جايدىكى كىشىلەر يېزىلاردىن بەس - بەستە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئېچىنىشلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئورمانلار قايتىدىن ئاستا - ئاستا كۆكەرگەن، ئوۋچىلار بولمىغاچقا، ئورماندا ئۇچار قانات، ياۋايى ھايۋانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيگەن.

دېمەك، بىز ياخشى كۆرگەنلىكى نەرسە ياخشى بولمىغىنىغا ئوخشاش، بىز يامان كۆرگەنلىكى نەرسىمۇ يامان بولۇۋەرمەيدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نامراتلار مەھەللىلىرى دەل بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

> بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەقىللىك دەپ ماختىشى، مەھبۇسنىڭ كامېرنى كەڭ دەپ ماختىغىنىغا ئوخشاشتۇر.
>
> سىمون [ئامېرىكا]

www.uyghurkitap.com



# بېلگىيە بىلەن گوللاندىيە زېمىن ئالماشتۇرۇش ئالدىدا

خۇي شياۋشۇاڭ

تۇمارىس ئادىل تەرجىمىسى

بېلگىيە بىلەن گوللاندىيە چېگرا ئەتراپىدىكى بىر پارچە زېمىننى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ھەققىدە كېڭەشمەكتە. ھالبۇكى، بۇ ئىشقا باشسىز بىر جەسەت «تۈرتكە» بولغاندى.

بېلگىيەنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ۋىسې شەھىرى گوللاندىيە بىلەن بىر دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مائاس دەرياسى بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئوراپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىردىنبىر قۇرۇقلۇق تەرىپى گوللاندىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ.

بۇ يېرىم ئارالنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 15 پۇتبول مەيدانىچىلىك چوڭلۇقتا بولۇپ، ئارال بۈك - باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغانلىقى ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زەھەر ئەتكەسچىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان. ئەمما، بۇ زەھەر سودىلىرىدىنمۇ بەكرەك بېلگىيە قانۇن




ئىجراچىلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرغىنى ئارالنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئىدى.

مەسىلەن، خىزمەتچى خادىملار قۇرۇقلۇق ئارقىلىق بۇ ئارالغا چىقماقچى بولسا، چوقۇم گوللاندىيە چېگراسىدىن ئۆتۈشى، بۇنىڭ ئۈچۈن گوللاندىيە تەرەپ تەستىق سېلىشى كېرەك ئىدى. سۇ ئارقىلىق ئارالغا چىقماقچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئارالدا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا ماس كېلىدىغان جاي يوق ئىدى.

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، مەلۇم بىر كىشى بۇ ئارالدا باشسىز بىر جەسەتنى بايقاپ، شۇ ئان ساقچىغا مەلۇم قىلغان. ئەمما، گوللاندىيە ساقچىلىرى بۇ ئارال بېلگىيەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا دەپ، دېلونى قوبۇل قىلمىغان.

بېلگىيەلىك رازۋېدكىچى ران فرانسوۋا دېشا بۇ ھەقتە: «گوللاندىيە ساقچىلىرى دېلونى قوبۇل قىلمىغاچقا، بىز لازىملىق ئۈسكۈنە ۋە تەيتىش ئەمەلدارلىرى، قانۇن دوختۇرى، ئەدلىيە باھالاش خادىملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى پاراخوت بىلەن ئارالغا توشۇشقا مەجبۇر بولدۇق. دېلونى بىر قېتىمدىلا پاش قىلغىلى بولمىغاچقا، قايتا - قايتا بېرىپ كەلمەي ئامال بولمىدى. بۇ قىيىنچىلىقلار دېلو پاش قىلىشىمىزغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى» دېدى.

ۋىسې شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى مارسېل نېۋېرىنىنىڭ ئېيتىشىچە، ئارالغا چىقىش ئۈچۈن پاراخوتتىن ئارالغا سەكرەشكە توغرا كەلگەچكە، بۇ ئارالغا چىقىدىغانلار ناھايىتى چەبدەس بولمىسا بولمايدىكەن.

ئەمما، بېلگىيەلىكلەرنىڭ بۇ «قاباھەتلىك چۈشى» ئاخىرلىشىش ئالدىدا ئىكەن. نېۋېرىنىڭ ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرىغا ئېيتىشىچە، ھازىر زېمىن ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى جىددىي ئېلىنىۋېتىپتۇ. ئىككى دۆلەت پارلامېنتى بۇ كې-

# پەرق

جون مارتېن [ئامېرىكا]
مۇستافا ئەخمەت تەرجىمىسى

ئامېرىكا ئارمىيەسىدە: «ئەسكەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشىغا بىردەك يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلىمە بار. ھالبۇكى، گېنېرال خېيگ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولغان مەزگىللەردە خېلىلا ئۇزۇن چاچ قويغانىدى.

بىر كۈنى ئۇزۇن چاچ قويۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئەمما تۈزۈم چەكلىمىسى تۈپەيلى «دەردى»نى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن بىر ئەسكەر گېنېرال خېيگىنىڭ ژۇرنالدىكى ئۇزۇن چاچ قويغان سۈرىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى يىرتىۋېلىپ، ئۆزىنى ئۇزۇن چاچتىن «مەھرۇم» قىلغان لېيتېنانتنىڭ ئىشكىگە چاپلاپ قويدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، گېنېرالنىڭ چېچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئىسترېلكىدىن بىرنى سىزىپ، ئىسترېلكا ئۇچىغا: «ئۇنىڭ چېچىغا قاراپ بېقىڭ!» دەپ يېزىپ قويدى.

ھالبۇكى، لېيتېنانت كۆپ ئىش كۆرگەن ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ ئۆزگىچە «ئېتىرازنامە»نى كۆرگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئەسكەرنى چاقىرىپ تەنبىھلەشنىڭ ئورنىغا، سۈرەتكە گېنېرال خېيگىنىڭ ياقا بەلگىسىنى كۆرسىتىدىغان ئىسترېلكىدىن بىرنى سىزىپ، ئۇچىغا: «سىزمۇ ئۇنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بېقىڭ!» دەپ يېزىپ، سۈرەتنى ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ياتىقىنىڭ ئىشىكىگە چاپلاپ قويدى.

لىشمنى 2016 - يىلى تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلەشى مۇمكىن ئىكەن.

گەرچە بېلگىيە بۇ ئارالنىڭ بەدىلىگە پەقەت توما بويىدىكى بىر كىچىك زېمىنغىلا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن تولىمۇ رازى ئىكەن. نېۋېرىن يەنە مۇخبىرغا: «بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى. بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى» دېدى.

چېگرا ماجىراسى تەتقىقاتچىسى ماركوم شوۋنىڭ ئېيتىشىچە، دۆلەتلەر ئارا زېمىن ئالماشتۇرۇش ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىكەن. ئەڭ يېقىنقى زېمىن ئالماشتۇرۇش «ۋەقەسى»دە، 2015 - يىلى 6 - ئايدا ھىندىستان بىلەن بېنگال كېلىشىم تۈزۈپ، 160 پارچىدىن ئارتۇق تاشقى زېمىن[1] نى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى 10 نەچچە يىلغا سوزۇلغان چېگرا ماجىراسىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

بېلگىيە ھەربىي ئىشلار تارىخى مۇتەخەسسىسى رۇك دېۋوس: «بېلگىيە بىلەن گوللاندىيە ئىزچىل دوستانە ئالاقە قىلىپ كەلگەچكە، زېمىن ئالماشتۇرۇش ئىشى ئەمەلگە ئاشتى. بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان ئىككى دۆلەت ئارىسىدا نۇرغۇن قويۇق مۇناسىۋەتلەر شەكىللەندى. يەنە كېلىپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن زېمىن مەسىلىسى ئىلگىرىكىدەك ئۇنچە مۇھىم ئەمەس بولۇپ قالدى» دېدى.

① مەلۇم بىر مەمۇرىي رايونغا تەۋە، لېكىن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان زېمىننى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالىنىشتىن ئىلگىرى، ھىندىستاننىڭ بېنگال تەۋەسىدە، بېنگالنىڭ ھىندىستان تەۋەسىدە ئۇششاق زېمىنلىرى بار ئىدى. — تەھرىردىن

www.uyghurkitap.com



# ناۋادا چيەنلۇڭ بىلەن ۋاشىنگتون ئاشپۇزۇلدا ئۇچرىشىپ قالغان بولسا...

شياۋ بو
ئەخمەت ئابدۇۋەلى تەرجىمىسى

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، يۇقىرىقى ماۋزۇنى كۆرۈپ گاڭگىراپ قالدىڭىز ياكى كۈلگۈڭىز كەلدى ھەرقاچان؟ دېمىسمۇ، چيەنلۇڭ بىلەن جورجى ۋاشىنگتوننىڭ بىرسى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇۋالغان قەدىمىي پادشاھ، بىرسى كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ئامېرىكا پرېزىدېنتى تۇرسا، ئىككىسى قانداقمۇ ئۇچرىشىپ قالسۇن؟

چاتاق يېرى شۇكى، بۇ ھەرگىزمۇ «ۋاقىت تونېلى» ئارقىلىق ئۆتمۈشكە قايتىش تەسەۋۋۇرى ئەمەس. بەلكى، بۇ ئىككىيلەن دەۋرداش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىسى 1799 - يىلى جان ئۈزگەن. چيەنلۇڭ شۇ يىلنىڭ بېشىدا، ۋاشىنگتون يىل ئاخىرىدا ئۆلگەن.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككىيلەننىڭ دەۋرداش ئىكەنلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: بۇ ئىككىيلەننىڭ ۋۇجۇدىدىكى زامانىۋىلىق پەرقى بەك چوڭ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، سىزنىڭ ھەيرانلىقىڭىزغا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى زامانىۋىلىق پەرقى سەۋەب بولغان.

چىڭ سۇلالىسى 268 يىل سەلتەنەت سۈردى. ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى 1661 - يىلىدىن 1799 - يىلىغىچە جەمئىي 138 يىل داۋاملىشىپ، «كاڭشى - چيەنلۇڭ گۈللەنگەن دەۋرى» دەپ ئاتالدى.

ئەمما، ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئاتالمىش «گۈللەنگەن مەزگىل» ئاجايىپ ھەجۋىي مەنىگە ئىگە.

17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تارىخ ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتكۈدەك تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىل ئىچىدە، ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۈركۈملەپ بارلىققا كەلدى. سىياسىي، مەدەنىيەت تەرەققىيات سۈرئىتى ئوخشاشلا تېزلىشىپ، غەرب دۆلەتلىرى ئاساسىي قانۇن تۈزۈمى ۋە «پارلامېنت تۈزۈمى»گە تايىنىپ، ھۆكۈمرانلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى قانۇن قەپىسىگە سولىدى.

ھالبۇكى، شەرقنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ بىلەن روشەن پەرقلىق بولدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، پادشاھلارنىڭ ئىستىبداتلىقى مىڭ سۇلالىسىدىكىدىن ئېشىپ چۈشتى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق پادشاھنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ھەرھالدا ھازىرقى ئىچكى كابىنېتقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىچكى دىۋان تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى. چىڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە قارا دىۋان مەھكىمىسى ئىچكى دىۋاننىڭ ئورنىنى ئېلىپ، جىمى دۆلەت ئىشلىرى ھوقۇقىنى خان جەمەتى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىقتىدارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك بېسىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. چىڭ ھۆكۈمدارلىرى شەرقىي شىمالدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەرگە تاش مۇنار تىكلىتىپ، ئۈستىگە: «بىرىنچى، تالىپلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلىشىشىگە بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇيۇشما تەشكىل-

لەشكە بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى، مەتبۇئات بۇيۇملىرى چىقىرىشقا بولمايدۇ. يۇقىرىقىلارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ» دېگەن «ئۈچنى چەكلەش» پەرمانى ئويدۇردى. مانا بۇ ئۈچ ماددا هازىرقى زامان كىشىلىرى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى، تەشكىلات قۇرۇش ئەركىنلىكى ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكى ئىدى.

پادىشاهلار كۆپ قېتىم «يېزىق تۆهمىتى»① قوزغاپ، ئەدىبلەرنى يۇرەكئالدى قىلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەيدىغان هالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بەزىلەر كاڭشى - چيەنلۇڭ يىللىرىدا 180 نەچچە قېتىم «يېزىق تۆهمىتى» قوزغالغانلىقىنى، بۇنىڭ 70% ىنى چيەنلۇڭ قىلغانلىقىنى ئىستاتىستىكا قىلىپ چىققان.

1799 - يىلى 88 ياشلىق چيەنلۇڭ خان ئوردىسىدا باقىيغا سەپەر قىلدى. شۇ چاغدا كىشىلەر ئاتالمىش «گۈللەنگەن دەۋر»نىڭ قىسقىغىنا 40 يىلدىن كېيىن بەربات بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيدى، بەلكىم.

چيەنلۇڭ تىنچ دەۋردە 60 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، ئوغلى جياچىڭغا مۇنداق ئىككى قىممەتلىك مىراس قالدۇرۇپ كەتتى: بىرى، كاڭشى - چيەنلۇڭ پاراۋانلىق يىللىرىنىڭ ئاتالمىش شانۇ - شەۋكىتى. يەنە بىرى، جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ پارىخور ئەمەلدار، شۇ چاغدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ باي ئادەم — خې شېن.

خې شېن چيەنلۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرى، تەڭدىشى يوق ئىقتىدارلىق پارىخور. چيەنلۇڭ ئۆلۈپ 15 كۈندىن كېيىن، جياچىڭ خې شېننى «20 تۈرلۈك جىنايەت» بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. خې شېننىڭ ئۆيىدىن 800 مىليون سەر كۈمۈش چىقتى. شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يىللىق باج كىرىمى تەخمىنەن 70 مىليون سەر كۈمۈش بولۇپ، خې شېننىڭ بايلىقى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ 10 نەچچە يىللىق كىرىمىگە باراۋەر كەلدى. شۇڭا كىشىلەر «خې شېن يىقىلدى، جياچىڭ تويۇندى» دېيىشتى.

بىر ئادەمنىڭ هەم دۆلەتنىڭ باش ۋەزىرى، هەم دۆلەتتىكى ئەڭ باي ئادەمگە ئايلىنىشىنى هوقۇقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىپ قېلىشىنىڭ مەهسۇلى دېمەي تۇرالمايمىز.

بۇنداق شەخسنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ: بىرىنچىدىن، هۆكۈمەت هوقۇقىنىڭ يۈكسەك مەركەزلىشىپ قېلىشى تۈپەيلى، هوقۇق - پۇل سودىسىغا مۇنبەت تۇپراق هازىرلانغان.

ئىككىنچىدىن، پارىخورلۇق تۈزۈملىشىش، قۇرۇلمىلىشىشقا يۈزلىنىپ، پۈتۈن ئەمەلدارلار قاتلىمى تولۇق چىرىكلەشكەن. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ يىللىرىدىن كېيىن، ئەركان - ئەهكاملار كۈنسېرى بۇزۇلۇپ ماڭغان، ئاۋام ئارىسىدا «ۋالىيلىق كۇرسىدا ئولتۇرساڭ ئۈچ يىل، ئەۋلادلىرىڭ خەجلەيدۇ پۇلۇڭنى يۈز يىل» دېگەن كىنايە تارقالغان.

يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە، جورجى ۋاشىنگتون قازا قىلغاندا، باشقىچە بىر خىل مىراس قالدۇردى.

ئۇ بىر مەيدان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا رەهبەرلىك قىلىپ، شىمالىي ئامېرىكىنى ئەنگلىيەنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇردى. ئۇ ئەسلىدە پادىشاه بولسا تامامەن بولاتتى، هېچبولمىغاندا ئۆمۈرلۈك

① يېزىق تۆهمىتى — فېئودال هۆكۈمرانلارنىڭ زىيالىيلار قاتلىمىدىكىلەرگە، ئاساسلىقى ئەدىبلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى، بۇنىڭدا ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەلۇم بىر بۆلەك، جۈملە، هەتتا خەتكە بۇرمىلاپ تەبىر بېرىلىپ، شۇ زىيالىيغا تۆهمەت قىلىنىدۇ — تەهرىردىن

# دۇنياۋى ئۇرۇش مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن مەھسۇلاتلار

شيوڭ يىڭ
گۈلباھار قۇربان تەرجىمىسى

ئۇرۇش — ئازاب – ئوقۇبەت دېمەكتۇر. ئەمما، ھەرقانداق پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن، ئۇرۇشمۇ بىر پۇرسەت. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، تالاپىتى ئەڭ ئېغىر ئىككى قېتىملىق دۇنياۋى ئۇرۇش دۇنيا خەرىتىسىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ، خەلقئارالىق كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا تامامەن يېڭى ھالەت شەكىللەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە دۇنياغا مەشھۇر داڭلىق مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈردى.

### تەييار چۆپ

تەييار چۆپنى كەشىپ قىلغان موموفۇكۇ ئاندو سودىگەر ھەم كەشپىياتچىدۇر. 2 – دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ ئىككى قېتىم تۈرمىگە كىرگەن. كېيىن ئۇ كەشىپ قىلغان تەييار چۆپ بازارلىق مەھسۇلاتقا ئايلانغان.

موموفۇكۇ ئاندو 1910 – يىلى تەيۋەندە تۇغۇلغان، ياپونىيە تەيۋەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ياپونىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا، ئۇرۇشتا يېڭىلگەن باشقا ياپونىيەلىكلەرگە ئوخشاش ئاچارچىلىق ئىچىدە جان تالىشىدۇ ھەممىدە

مۇستەبىت بولالايتتى. ئەمما، ئۇ دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان پرېزىدېنت بولۇشنى تاللىدى ھەم ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشتىن ۋاز كېچىپ، ھوقۇقنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ۋە «ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ئاساسىي قانۇنى»نى تۈزۈشكە باشچىلىق قىلدى. «ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ئاساسىي قانۇنى»دا، بۇ ئاساسىي قانۇننى تۈزۈشنىڭ ئىككى مەقسىتى، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇش ۋە خەلقنىڭ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىكەنلىكى جاكارلاندى. مۇشۇ مەقسەتنى چىقىش قىلىپ، دۆلەت ھوقۇقى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىيەت ھوقۇقى ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەككە ئايرىلىپ، بۇ ئۈچ ھوقۇق ئۆزئارا مۇستەقىل بولۇپ تۇردى. مانا بۇ زامانىۋى دېموكراتىك جەمئىيەتتىكى ئۈچ ھوقۇقنىڭ بۆلۈنۈش پرىنسىپىدۇر.

1799 – يىلى چيەنلۇڭنىڭ نام – ئابرۇيى، ھوقۇقى ۋە مال – مۈلكى ۋاشىنگتوننىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشەتتى. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئوخشاش بولمىغان مىراسلار، ئۇلارنى تارىخ تارازىسىدا يېڭى باھالارغا ئىگە قىلدى.

مۇبادا، ئەينى چاغدا چيەنلۇڭ بىلەن ۋاشىنگتون ئاشپۇزۇلدا راستلا ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇلارغا دېيىشكۈدەك گەپ چىقماسلىقىمۇ مۇمكىن. مۇبادا، ئىككىسى ئۈچ ھوقۇقنىڭ بۆلۈنۈشى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالسىغۇ، جاڭجاللىشىپ قېلىشىدا گەپ يوق، يەنە مۇبادا «يېزىق تۆھمەتى» تېمىسىدا سۆزلىشىپ قالسا، مۇشتلىشىپ كېتىشى ئېنىق.



نۇرغۇن زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئەرزان باھالىق كەسمە چۆپنى زور مىقداردا ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىپ، ئۇتۇق قازىنىدۇ. ئارىدىن كۆپ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ نۇرغۇن قېتىملىق سىناقتىن كېيىن قاچىلىق تەييار چۆپنى بازارغا سالىدۇ.

## ماك دونالد بەرەڭگى قەلەمچىسى

«بەرەڭگى پادىشاھى» سىمپلوت تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئامېرىكا ئارمىيەسىنى قۇرۇتۇپ توڭلىتىلغان بەرەڭگى ۋە كۆكتات بىلەن تەمىنلەشتە ئۇتۇق قازانغان. بۇ چاغدا خەلقئارادا ئارقا سەپ تەمىناتى ئېغىر خىرىسقا دۇچ كېلىپ، مۇشۇ سەۋەبلىك ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ياۋروپانى كېسىپ ئۆتۈش پىلانى قىيىن ئەھۋالغا چۈشكەنىدى. سىمپلوتنىڭ توڭلىتىپ تەييارلانغان كۆكتاتلىرىنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى ئۇزۇن ھەم يېيىشكە قولايلىق بولۇپ، دېڭىز ئارمىيەسىدىكىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ياۋروپانى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

ئەمما، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەڭ چوڭ ئىستېمالچى — ھەربىي قوشۇننىڭ



سىمپلوتنىڭ توڭلىتىپ تەييارلانغان ئوزۇق - تۈلۈككە بولغان ئېھتىياجى ئاساسەن يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن، سىمپلوت داۋاملىق تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، رېي كروك ( ماك دونالدنىڭ بەرپاچىسى) بىلەن ھەمكارلىشىپ، ماك دونالد شىركىتىنى توڭلىتىلغان بەرەڭگى بىلەن تەمىنلىدى. 50 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە ماك دونالد شىركىتى ئىشلىتىدىغان بەرەڭگىنىڭ 50% نى يەنىلا سىمپلوتنىڭ شىركىتى تەمىنلەيدۇ.

## خىمىيەۋى ئوغۇت

زور مىقداردىكى ئەرزان يېمەكلىكلەر مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىزچىل تۇپراقتىكى ئازوت مىقدارىنىڭ كەم بولۇشى سەۋەبلىك چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلگەنىدى. گەرچە ئالىملار ئازوتلۇق ماددىلار بىلەن زىرائەتنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بايقىغان بولسىمۇ، ئەمما خىمىيەلىك ماددىلاردىن بومبىلار ياسالغاندىن كېيىن ئاندىن خىمىيەۋى ئوغۇت سانائىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. مەسىلەن، 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە خىمىيە ئالىمى فرىز خابېر ئەسىرلەرنى ئۆتكۈر زەھەرلىك خلور سۈيى قاچىلانغان كۈپىلەرگە چىلاپ، تەجرىبە ئىشلىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئازوت بىرىكمىسى ئارقىلىق زور مىقداردىكى قورال، ئوق - دورا ياسىدى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇرۇش دەۋرىدىكى ھەربىي سانائەت خاراكتېرىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاندىن خىمىيەلىك ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلدى.

## مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق

ھازىر مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق دائىم ئىش-

www.uyghurkitap.com





لىتىلىدىغان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەمما 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ رادار رادىياتسىيەسى مەنبەسىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل ماگنىت دولقۇنى بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىنژېنېر بولغان پېرسى سپېنسېر رادار سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق بۆلىكى — ماگنىتلىق تىزگىنلىگۈچى لامپىنى تەتقىق قىلىۋاتقاندا يانچۇقىغا سېلىۋالغان شاكىلاتنىڭ ئېرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ھەمدە كېيىن ماگنىتلىق تىزگىنلىگۈچى لامپا چىقارغان مىكرو دولقۇندىن پايدىلىنىپ تۇخۇم پىشۇرۇپ، قوناق ئېتىلدۇرغان. شۇنداقلا مىكرو دولقۇندىن پايدىلىنىپ تاماق پىشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، مەززىلىك تاماقلارنى ئېتىپ يېگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۇ مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقنىڭ يەنە باشقا ئىشلىتىلىش يولىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، كىشىلەرگە مىكرو دولقۇننىڭ پرىنسىپىنى چۈشەندۈرگەن. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇ تەتقىقات مېۋىسى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان تۇنجى مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق 1955 - يىلى بازارلىققا كەلگەن.

## بىرلا قېتىم ئىشلىتىلىدىغان ئوكۇل يىڭنىسى

1980 - يىللاردا ئامېرىكىدا ئەۋج ئالغان ھەمجىنسلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشى سەۋەبلىك ئادەملەر سالامەتلىكتىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا بىر ئوكۇل يىڭنىسىنى بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئورتاق ئىشلىتىشى ئاساسلىق سەۋەب بولغانىدى.

ئامېرىكىدا ئەيدىز ۋىرۇسى يامراشتىن بۇرۇن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەربىي قوشۇندىكىلەرنىڭ مورفىنغا خۇمار بولۇپ قېلىش خەتىرىگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئالدىنقى سەپتە يارىلانغان ئەسكەرلەرنىڭ ئاغرىق توختىتىشى ئۈچۈن مورفىننى كۆپلەپ ئىشلەتتى.

ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشى ۋە 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يارىلانغان ئەسكەرلەر ۋاقىتلىق داۋالاش ئورنى قىلىنغان چېدىرلارغا ئاپىرىلىپ، مورفىن ئارقىلىق ھوشسىزلاندۇرۇلغۇچە جاندىن ئۆتىدىغان ئاغرىققا چىدىشىغا توغرا كېلەتتى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا كونا ئەينەك شپرىتسلىق ئوكۇل يىڭنىسى بىلەن ئۇچىدىكى مېتال يىڭنە تاشلىۋېتىلىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يېڭىچە ئوكۇل يىڭنىسىنى كەشپ قىلىش ئېھتىياجى كۈچەيدى ھەم ئۇزاققا قالماي ئەپچىل ھەم ئىشلىتىشكە قولايلىق يېڭى ئوكۇل يىڭنىسى بازارلىققا كېلىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىدىكىلەر بۇ ئىشپىرىسقا بەلگىلىك مىقداردا مورفىن قاچىلاپ، ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىدىغان بولدى.

مانا مۇشۇ خىل ئىچىگە مورفىن قاچىلىنىپ ھەربىيلەرگە تارقىتىلىدىغان ئىشپىرىس كېيىن تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، داۋالاش ساھەسىدە كەڭ پايدىلىنىلىدىغان ئىشپىرىسنى بارلىققا كەلتۈردى. ئارقىدىنلا پىلاستىك ماتېرىيالدىن ياسالغان ئوكۇل يىڭنىسى بارلىققا كېلىپ ئومۇملاشتى.

# توپا ئاخباراتى

شى شۇنجياڭ

بەگزات مىرزائەخمەت تەرجىمىسى

1944 - يىلى 1 - ئايدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، نورماندىيەنى ئەڭ مۇۋاپىق قۇرۇقلۇققا چىقىش نۇقتىسى دەپ بېكىتتى. بۇ يەر ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئەنگلىيەدىكى قوزغىلىش نۇقتىسىغا يېقىن ھەمدە دېڭىز ساھىلى كەڭرى، تەكشى بولغاچقا، چوڭ قوشۇننىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىپ جەڭ قىلىشىغا ناھايىتى ماس كېلەتتى.

قەھرىتان سوغۇق بىر ئاخشىمى، رازۋېدكىچى جېك بىلەن تام ئەنگلىيەنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئاستى كېمىسىنى ھەيدەپ، نورماندىيە ئەتراپىدىكى دېڭىز قىرغىقىغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى. دېڭىز ساھىلىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇلار ئەتراپتا گېرمانىيە ئەسكەرلىرى بار - يوقلۇقىنى كۆزەتكەچ، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىلگىرىلەپ، كۆرگەن يەر شەكلىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئوخشىمىغان يەرلەرگە بەلگە قويۇپ ماڭدى.

قوماندانلىق ئىشتابىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار كۆرگەنلىرىنى يۇقىرىغا ئەينەن مەلۇم قىلدى.

گېنېرال پاتتون دوكلاتنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇۋىدى، بىر تەرەپتە ئولتۇرغان گېنېرال مونتىگومېرى ئۇلارنى توختىتىۋېلىپ: «ئىككىڭلار بۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ داۋاملىق رازۋېدكا قىلىڭلار. قالغان تەپسىلاتنى ھېلىراق سىلەرگە ئايرىم جېكىلەيمەن» دېدى ھەم شۇ كۈنى ئاخشىمى بۇ ئىككى رازۋېدكىچى قوزغىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

20 كۈندىن كېيىن ئۇلار ۋەزىپىنى تاماملىدى.

گېنېرال پاتتون ئەجەبلىنىپ:

— ئۇلارغا دېڭىز ساھىلىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى قالدۇرماي كۆزەتكۈزۈپسىز. بىراق، ئۇلار نورماندىيەدىكى تۇپىنىڭ تەركىبى ھەققىدە بىرتالاي دوكلات يېزىپ كەلگىنى نېمىسى؟ — دەپ سورىدى. مونتىگومېرى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— شۇنداق، گېنېرال. دەسلەپتە پەرىزىمنىڭ توغرا - خاتالىقىنى جەزملەشتۈرەلمىگەچكە، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سىزگە ئېيتمىغانىدىم. ئۇلار ماڭا ئەڭ تەپسىلىي توپا ئاخباراتى ئېلىپ كەلدى. ھالبۇكى، بۇ ئاخبارات بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا يېڭىش - يېڭىلىشىمىزنى بەلگىلەيدۇ، — دېدى - دە، يانچۇقىدىن ئوراقلىق بىرنەرسىنى ئېلىپ، گېنېرال پاتتونغا سۇندى. پاتتون ئېچىپ قارىۋىدى، ئىچىدىن لىققىدە قۇم چىقتى.

ئەسلىدە، جېك ئىككىيلەن گېنېرال پاتتونغا خەۋەر يەتكۈزگەندە، مونتىگومېرى ئۇلارنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىغا چاپلىشىپ قالغان لايغا دىق-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قول پۇلاڭلىتىش

يۇ چيۇيۇ
گۈزەلئاي ئەكبەر تەرجىمىسى

بۇ ھېكايىنى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى چەت ئەلنىڭ بىر ژۇرنىلىدا كۆرگەنىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن لېكسىيە سۆزلىگەندە ھەر قېتىم دېگۈدەك ئۇنى تىلغا ئالىدىغان بولدۇم.

چەت بىر كەنتكە پويىز يولى تۇتاشتۇرۇلۇپتۇ، بۇنىڭدىن يېڭىلىق ھېس قىلىشقان كەنتداشلار تېز سۈرئەتتە ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆتۈشۈۋاتقان پويىزلارغا قاراپ ھەيران بولۇشۇپتۇ.

بۇ كەنتتە بىر شاكىچىك بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى پويىز كېلىشىگىلا، بىر دۆڭگە چىقىپ پويىزدىكى يولۇچىلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ سالام قىپتۇ. بىراق، يولۇچىلارنىڭ بىرەرىمۇ ئۇنىڭ سالىمىغا «سالام» قايتۇرماپتۇ. بۇ ئەھۋال بىرنەچچە كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن شاكىچىك: «ئۇلار نېمىشقا مېنىڭ سالىمىغا پەرۋا قىلىشمايدىغاندۇ؟ بىزنىڭ كەنت بەك سەتمىدۇ؟ ياكى مەن بەك كۆرۈمسىزمەنمۇ؟ ۋە ياكى قول ھەرىكىتىم خاتا بولۇپ قالغانمىدۇ؟ تۇرغان ئورنۇم خاتامدۇ يا؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ مەيۈسلىنىشكە باشلاپتۇ. ھەتتا شۇ سەۋەبلىك ئاغرىپمۇ قاپتۇ. بىراق ئۇ قول پۇلاڭلىتىشنى توختاتماپتۇ، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئاتا ـ ئانىسىنى بەكلا ئەنسىرىتىپتۇ.

ئۇنىڭ دادىسى ئاددىي بىر دېھقان ئىكەن، ئۇ بالىسىغا داۋا ئىزدەپ يىراقتىكى بازارغا بېرىپتۇ. نۇرغۇن دوختۇرخانىلارغا كىرگەن بولسىمۇ، دوختۇرلار باشلىرىنى چايقىشىپ، بۇنداق كېسەلنى داۋالىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇ بىر كىچىك مېھمانسارايغا ئورۇنلىشىپتۇ. تەڭ كېچىدە ياتاقدىشى دېھقاننىڭ

---

قەت قالغان ھەم شۇنىڭ بىلەن «نورماندىيە دېڭىز ساھىلىنىڭ لاي ـ لاتقا تەركىبى زادى قانداقتۇر؟» دېگەن سوئال يادىغا كېچىپ، جېك ئىككىيلەننى 20 كېچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، دېڭىز ساھىلىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈك ـ پۇچقاقلىرىدىن تۇپراق ئەۋرىشكىسى يىغىشقا بۇيرۇغان ھەم ئارقىدىن گېئولوگلارغا تەكشۈرتكۈزگەن. گېئولوگلار تەكشۈرۈپ، نورماندىيە دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدا يېپىشقاق سېغىز توپا تەركىبىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى بايقىغان ۋە: «ئەگەر باشقىچە ئامال قوللانمىساق، ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئېغىر تېپىتىكى تانكىلىرى قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، يەرگە پېتىپ قېلىپ ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ» دەپ يەكۈن چىقارغان.

گېنېرال پاتتون بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «تەگرىگە شۈكۈر، ھېلىمۇ بۇ ئىش يادىڭىزغا كەپتۇ» دېدى.

كەينىدىن ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئارقا سەپ كاپالەت بۆلۈمى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئانالىزىغا ئاساسەن، بىر خىل يېڭى تېپتىكى تانكىنى كەشىپ قىلدى. بۇ تانكىنىڭ ئالدى تەرىپىدە زەنجىرسىمان يەر چىڭدىغۇچ بار بولۇپ، ئۇ دېڭىز ساھىلغا چىققاندىن كېيىن، سەپنىڭ ئالدىدا يەرنى چىڭداپ، كەينىدىكى ئېغىر تېپتىكى تانكىلارنىڭ توختاۋسىز ئىلگىرىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. نەتىجىدە، ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيەدە ئوڭۇشلۇق قۇرۇقلۇققا چىقىپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش يولىدا ھالقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

# خەۋەرلەر مۇنداق پەيدا بولىدۇ

خۋاڭ جيەنشىڭ

نازاكەت ئەنۋەر تەرجىمىسى

سەھەردە خەلق مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىشىلەر ئىككى - ئۈچتىن بىر يەرگە جۇغلىنىپ بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز، مەيدانىنىڭ چېتىدە ئاشخانىدىن مانتا ئېلىپ ئۆيىگە قايتىۋاتقان بىر بالىنى بىر لالما ئىت قوغلاپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا ۋېلىسىپىت مىنىپ، قولىدا گۈرجەك تۇتقىنىچە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دېھقان ئىشلەمچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ۋېلىسىپىتتىن سەكرەپ چۈشكىنىچە، يۈگۈرۈپ بېرىپ گۈرجەك بىلەن ئىتنىڭ بېشىغا ئىككىنى سېلىۋىدى، ئىت جان - جەھلى بىلەن ئىككىنى كاڭشىپلا جان بەردى. بالىغا ھېچ ئىش بولمىغىنىنى كۆرگەن دېھقان ئىشلەمچى ۋېلىسىپىتىنى مىنىپلا قورۇلۇش ئورنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ھالبۇكى، ئىتنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى «نىدا»سى مەيداندا چېنىقىۋاتقانلارنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. ئۇلار «ۋەقە نەق مەيدانى»غا قاراپ، يەردىكى ئىتنىڭ جەسىتىنى ۋە بايا ئىت قوغلىغاندا بەك ئىتتىك يۈگۈرۈۋەتكەنلىكتىن ھاسىراپ كەتكەن بالىنى كۆردى - دە، بەس - بەستە بۇ «دېلو»نى ئانالىز قىلىشقا باشلىدى.

ئەتىسى، شەھەردىكى بىرقانچە گېزىت بىر-

---

ئاھ ئۇرۇشلىرىدىن ئويغىنىپ، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئارتۇق گەپ قىلماي كولۇپ قويۇپلا، قايتىدىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە دېھقان ئويغانغۇچە ياتاقدىشى كېتىپ قاپتۇ. ئۇ تولىمۇ مەيۈسلەنگىنىچە كەنتكە قاراپ مېڭىپتۇ. لېكىن، ئۇ ئەمدىلا كەنت ئېغىزىدىن كىرىشكە ئاياللى ھاياجانلانغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تاڭ سەھەردە بىرىنچى پويىز كەنتتىن ئۆتكەندە بىر ئەرنىڭ دېرىزىدىن يېرىم بەدىنىنى چىقىرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بالىغا قاراپ قول پۇلاڭلاتقانلىقىنى، بالىنىڭ بۇنى كۆرۈپ پويىزنىڭ كەينىدىن خېلىغىچە يۈگۈرگەنلىكىنى، قايتىپ كېلىپلا ئەھۋالنىڭ پۈتۈنلەي ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ ناتونۇش يولۇچىنىڭ غايىۋى سىماسى نەچچە يىلغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ھەم بۇ ئىشنى ئۆز كەسپىم — يازغۇچىلىققا باغلاپ ئويلاپ قالدىم. مېنىڭچە، ھەقىقىي يازغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىدىن ئويغىنىشى، ئويغانغاندىن كېيىن قورۇق تەسەللى بېرىشنىڭ ئورنىغا كولۇپ قويۇپلا قايتىدىن ئۇيقۇغا كەتسىمۇ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇماي ئەتىسى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك.

بالىنىڭ قول پۇلاڭلىتىشى بىر ئويۇن، يولۇچىنىڭ قايتۇرۇپ قول پۇلاڭلىتىشى بولسا بۇ ئويۇنغا قاتناشقانلىق، خالاس. ھالبۇكى، بۇ يولۇچى شۇ ئاددىي «ئويۇن»غا ئىشتىراك قىلىپ، قول پۇلاڭلىتىش ئارقىلىق بىر بالىنىڭ قەلبىنى تەسەللى تاپتۇرالىغان بولسا، يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق سانسىز «شاكىچەك»لەرگە قول پۇلاڭلىتىپ، جەمئىيەتنىڭ يارىسىغا مەلھەم بېرىشكە قادىردۇر. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاشۇنداق «ئويۇن»لار ئارقىلىق تۈرلۈك - تۈمەن خىل «كېسەل»لەرنى داۋالاش يازغۇچىلارنىڭ كەسپىي بۇرچى، دەپ ئويلايمەن.

# باشتىكى يول قويۇش ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن

لى يۈلياڭ

نازاكەت ئەنۋەر تەرجىمىسى

بىر قېتىم مەلۇم بىر داڭلىق يازغۇچى نەشرىياتقا ئەسەر ئارگىنالىنى تاپشۇرغاندا، ئەسىرىنىڭ باش قىسمىغىلا ئىت، مۈشۈك، چاشقانلارنىڭ رەسىملىرىنى قالايمىقان سىزىپ قويۇپتۇ ھەم نەشرىياتتىن ئەسەرنى چوقۇم مۈشۈ ئىت ـ مۈشۈكلەرنىڭ رەسىمى بىلەن قوشۇپ نەشر قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

نەشرىياتتىكىلەر بۇ رەسىملەرنىڭ ئەسەر مەزمۇنى بىلەن قىلچە باغلىنىشى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، يازغۇچىنىڭ بۇ «يولسىز» تەلىپىنى كەسكىن رەت قىپتۇ. لېكىن، يازغۇچىمۇ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، رەسىمدىن بىرەرنى چىقىرىۋېتىپ، قالغىنىنى قالدۇرۇپ قويۇڭلار، — دەپتۇ يازغۇچى. لېكىن، نەشرىياتتىكىلەر بۇنداق قالايمىقان رەسىم ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ دەپ قاراپ، يەنىلا قوشۇلماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ، ئىككى تەرەپ ئاخىر ئەسەرنىڭ بېشىدىكى رەسىملەر چىقىرىۋېتىلىدىغان، لېكىن ئەسەر مەزمۇنىغا قەلەم تەگكۈزۈلمەيدىغان بولۇپ كېلىشىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسلىدىنلا ئۇ رەسىملەرنى كىتابقا كىرگۈزۈش نىيىتى يوق ئى-كەن. ئۇ پەقەت ئىلگىرى نەشرىياتلاردىن كۆپ قېتىم ئەسىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە چېقىلماس-لىقنى تەلەپ قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال يول قويۇپ، ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىد-غان مۇشۇنداق چارىنى ئويلاپ تاپقانىكەن.

داڭلىق يازغۇچى لۇشۈن ئەپەندىنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر سۆزى بار. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر سەن بىر ئۆيگە دېرىزە ئاچماقچى بولساڭ. بۇ تەلىپىڭنى باشقىلارغا بىۋاستە ئېيتما. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇنى رەت قىلىشى ئېنىق. لېكىن، سەن ئۇلارغا 'ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋېتەيمىكىن دەيمەن' دېسەڭ، ئۇلار دەررۇ 'گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشەيلى. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چېقىلماي تۇرۇڭ، بىز سىزگە دېرىزە ئېچىپ بەرسەك قانداق' دېيىشىدۇ».

شۇڭا، ھەقىقىي مۇددىئايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، توغرا شەرت قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

---

دەك بۇ «ئىت ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى» توغرىسىدا خەۋەر بەردى.

«كۈندىلىك گېزىت»: «يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئەزىمەت ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ۋەھشىي ئىتنى ئۆل-تۈردى»

«كەچلىك گېزىت»: «نائىنساب ئادەم — بى-گۇناھ ئىت»

سەھەر گېزىتى: «ئاھالىلەر ئىت چەكلەش بۇيرۇقىغا بىنائەن باشقىلارنىڭ ئىتىنى ئۆلتۈردى».

«مەركىزىي شەھەر گېزىتى»: «ئىت گۆشى ييگۈسى كېلىپ كەتكەن ئەر كوپكوندۇزدە ئىتنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، نەق مەيداندا ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ تىكىۋەتكەن».

ھەي، ھازىرقى تاراتقۇلارنىزە...

# «كۆپكە قادىر»لار نېمە ئۈچۈن بىرگىمۇ ماھىر ئەمەس

ماۋ يۇلى
نەجمىدىن نەسىردىن تەرجىمىسى

مېنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىم تولىمۇ رەڭدار ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا ئىجتىمائىي تەشكىلات ئىشلىرى، دوست تۇتۇش، تورغا چىقىش، دەرس تەكرارلاش، تور دۇكىنى ئېچىش، فوتو سۈرەتكە تارتىشنى مەشىق قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن كۈنبويى ئالدىراشلا يۈرەتتىم. شۇڭا ئىسمىمنىڭ ئالدىغا «دۇكاندار XX»، «تەشكىلاتچى XX»، «فوتوگراف XX» دېگەندەك بىرتالاي «دەبدەبىلىك» ئېنىقلىغۇچىلارنى قوشۇشقا بولاتتى.

دوستلىرىم بىلەن تاماق يېگەندە، ئوقۇش ھەققىدە «بايانات» ئېلان قىلاتتىم: بىناكارلىق كەسپىنى بىكار تاللاپتىمەن، بىر ھەپتە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ لايىھە سىزسام، مۇئەللىم باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرتىپ، قىلغان ئىشىم بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. سىلەر تامىقىڭلارنى يەۋېرىڭلار، مەن ياتاققا قايتىپ لايىھەنى ئۆزگەرتمىسەم بولمايدۇ...

ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ئىجتىمائىي تەشكىلات تەنقىدچىسىگە ئايلىناتتىم: مۇشۇ تەشكىلاتقا يېڭىدىن كىرگەن بالىلارنىزە، قىلالايدىغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، ھالىنىڭ چوڭلۇقى! ھەممە ئىشنى بىر - بىرلەپ ئۆگەتمىسە تېخى بولمىغان. بولدى، ئارتۇق گەپ قىلىپ، تەشكىلاتنىڭ يىغىنىغا كېچىكمەي يەنە...

ئاخشىمى يېتىشتىن بۇرۇن، ياتاقتىكىلەرگە توردىكى تىجارىتىم توغرۇلۇق قاقشاپ قوياتتىم: ھازىر دۇكان ئېچىشمۇ تەس بولۇپ كېتىپتۇ، خېرىدارنى رازى قىلىشنىڭ قىيىنلىقى... ئالدىنقى قېتىم بىر خېرىدار ماڭا ناچار باھا بېرىپ، 50 سوم بەرسىڭىز ناچار باھانى ئۆچۈرۈۋېتىمەن دېگەنىدى. تېلېفوندا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ دېمىگەن گېپىم قالمىدى. بولدى، بالدۇرراق ئۇخلايلى. ئەتە پوچتىدىن سالمىسام بولمايدىغان بىرمۇنچە مال بار تېخى...

ھەر قېتىم مانا مۇشۇنداق ئوخشىمىغان توپتىكىلەرنىڭ ئالدىدىكى ئوخشىمىغان پاراڭلىرىم بىلەن باشقىلارنىڭ قايىللىقى، مايىللىقى، ھەتتا ھەۋىسىنى قوزغايتتىم.

«بىناكارلىق كەسپى بەك قىيىندۇ - ھە؟ لېكىن، كېيىن چوقۇم كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇغۇ دەيمەن؟ سىز ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا قاتناشتىڭىزمۇ؟ دائىم چەت ئەلگە چىقىپ تۇرامسىز؟ تېخى تېلېۋىزورغىمۇ چىققان دەك؟ سىز ئىشلىگەن تەشۋىقات تاختىسىنى كۆردۈم، بەك چىرايلىق چىقىپتۇ؛ توردا دۇكان ئېچىپسىز - ھە؟ پۇل تېپىشقا بۇنچە ئېپىڭىز بارلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن ...»

يۇقىرىقىدەك «ئالقىش - مەدھىيە»لەرنى ئاڭلىغانسېرى، ئۆزۈمنى شۇنچە قالتىس، پۈتمەس - تۈگىمەس ئېنېرگىيەگە ئىگە، ھەممىدىن قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق ھېس قىلاتتىم. ھەقىقەتەن، ئەتراپىمدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر مېنى بەكلا قابىلىيەتلىك ھېسابلايتتى.

ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، ئەينى ۋاقىتتىكى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆزۈمنىڭ زادى قانچىلىك ئىقتىدارسىزلىقىمنى تولۇق چۈشەندىم. ئەينى چاغدا مەن «بىناكارلىق فاكۇلتېتىدىكى ناختىنى ئەڭ ياخشى ئېيتىدىغان، دوستلىرىم ئارىسىدىكى ئەڭ كۆپ مۇھەببەتلىشىپ باققان، تاۋباۋ دۇكاندارلىرى ئىچىدىكى ئوقۇش تارىخى ئەڭ يۇقىرى، تەگدىمەتلىكلەر ئارىسىدا چەت ئەلگە ئەڭ كۆپ چىققان، ساياھەتچىلەر ئارىسىدىكى سۈرەتنى ئەڭ ياخشى تارتىدىغان» بىر ئوقۇغۇچى بولساممۇ، ئۆزۈمنى ناخشا ئېيتىشتا خور ئەترىتىدىكىلەر بىلەن، تىجارەت سوممىسىدا تاۋباۋ توردىكى باشقا دۇكاندارلار بىلەن، ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ساۋاقداشلىرىم بىلەن، سۈرەتكە تارتىش تېخنىكىسىدا فوتوگرافلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقسام، قانچىلىك ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىم مانا مەن دەپلا ئاشكارا بولدى.

ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئەتراپىمدىكى نېمە دېسەم ئاغزىمغا قاراپ تۇرىدىغان «مەستانە»لىرىم بارا ـ بارا ئازلاپ، ئاچچىق رېئاللىق تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدا زاھىرلانغاندا، قاتتىق چۆچۈدۈم ۋە ئۆزۈمدىن «شۇنچە ئالدىراش ئۆتۈپ زادى نېمىگە ئېرىشتىم؟» دەپ سورىدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەھۋالىم ھەققىدە مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتىم: ھەممەيلەن ئادەمگىياھ تەرگىلى چىقىپ، ئۇنى قومۇرغۇچە باشقىلار يەرنى 10 مېتىر كولىسا، مەن «ئەقىل ئىشلىتىپ» پەقەت ئۈچ مېتىر كولاپلا ئۇنى ئوڭۇشلۇق قومۇرۇۋالدىم. باشقىلار داۋاملىق شۇ ئورەكنى كولاۋاتقاندا، مەن ئىككىنچى، ھەتتا ئۈچىنچى ئورەكنى كولاشقا باشلىدىم. لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇس، باشقىلار كولىغان ئادەمگىياھلارنىڭ يىلتىزلىرىنىڭ ئۇزۇن، بىجىرىم ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭكىنىڭ ناھايىتى قىسقا، تولۇق يېتىلمىگەنلىكىنى دەسلەپىدە ھېس قىلالمىدىم. تېخىمۇ مۇھىمى، باشقىلار كولىغان 10 مېتىرلىق ئورەكلەر كېيىن سۇ چىقىدىغان قۇدۇققا ئايلانغان بولسا، مېنىڭ ئۈچ مېتىرلىق ئورىكىم ئورەك پېتى قېلىۋەردى. نەتىجىدە، باشقىلار تولۇق يېتىلگەن ئادەمگىياھ بىلەن بىر قۇدۇققا ئېرىشكەندە، مېنىڭ ئېرىشكىنىم پۇچەك ئادەمگىياھ بىلەن ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان قۇرۇق ئورەك بولدى.

ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىزىقىش باسقۇچىدا ياخشى كۆرىمىز ھەم ياخشى قىلالايمىز ـ يۇ، ئەمما شۇ ئىش كەسپىمىزگە ئايلانغاندىن كېيىن ئۇنى ياخشى قىلالمايدىغان، ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالىمىز؟

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىزىقىش باسقۇچىدا، پەقەت 30% كۈچىمىزنى چىقىرىپ، ئىشنى 70% لاياقەتلىك قىلالىساقلا زور غەلىبە قازانغان بولىمىز. بۇنىڭدىن شەكىللىنىدىغان ئۆتۈق تۇيغۇسى بىزگە ئاجايىپ «قالتىس» تۇيۇلىدۇ؛ ئەمما، شۇ ئىشنى كەسىپ قىلغاندا، 100% لىك ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن 150% تىرىششىمىزغا توغرا كېلىدۇ ـ دە، ئۆزىمىزنىڭ ھەۋەسكار ۋاقىتلىرىمىزدىكىدەك «قالتىس» ئەمەسلىكىمىزنى ھېس قىلىپ، ئۇ ئىشتىن كۆڭلىمىز سوۋۇيدۇ.

نېمىلا بولمىسۇن، ئىلگىرىكى «قالتىس» چاغلىرىمغا سېلىشتۇرغاندا، مەن ھازىرقى «تايىنلىق» ھالىتىمنى ياقتۇرىمەن. ھازىرقى مەن ھايات قانۇنىيىتىنى تونۇپ يەتتىم ھەم ئۇنى قوبۇل قىلدىم. ئادەم «كۆپكە قادىر» بولۇشتىن ئىلگىرى چوقۇم «بىرگە ماھىر» بولۇشى كېرەك ئىكەن. بولمىسا ئاقىۋەتتە، قارىماققا كۆپكە قادىردەك قىلغان بىلەن، بىرگىمۇ ماھىر ئەمەس بولۇپ چىقىدىغان ئىش بولىدىكەن.

شۇڭا، دوستلىرىمىزغا دەيدىغىنىمىز، كۆپكە قادىر بولمىسىڭىز بولماڭكى، بىرگە ماھىر بولۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭ.

# هاياتىڭىزنى ئۇششاق ھالقىلارغا ئىسراپ قىلماڭ

سەي لەن

رەناگۈل روزىمەممەت تەرجىمىسى

تۇرمۇشىمىزنىڭ قات - قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەن زۆرۈرىيەتسىز تەكەللۇپلار مېنى گاھى گاڭگىرىتىپ، گاھى چارچىتىۋېتىپ باراتتى.

بەزىدە باشقىلارغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن: «ۋاقتىڭىز بولسا ئۆيۈمگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭ» دەيمىز. كۆڭلىدە بىكار تۇرۇپ يەنە ۋاقتىمىز يوق. ۋاقتىمىز بار چاغدا بولسا بارسام بولارمۇ، بولماسمۇ؟ دەپ ئويلايمىز. ئاخىرىدا يەنىلا زىياپەتكە مەجبۇرىي بارىمىز - يۇ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر ھۇزۇر ئالالمايمىز. شۇڭا «ۋاقتىڭىز بولسا ئۆيۈمگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭ»نى ئاز دەيلى. راستىلا شۇنداق نىيىتىمىز بولمىسا، ئۆزىمىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بۇ گەپلەرنى دەپ نېمە قىلىمىز؟

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ھەممەيلەن پۇل تۆلەشنى تالىشىدۇ، ئۇلار تالاشسا تالىشىۋەرسۇن، مەن ھازىر بۇنداق ئىشقا كۆنۈپ كەتتىم.

ئەڭ يامىنى، باشقىلارنى مېھمان قىلماقچى بولۇپ پۇل تۆلەش ئۈچۈن پوكەيگە بارغىنىڭىزدا قارشى تەرەپ پۇل تۆلەشتە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، باشقا بىر كۈنى ياخشىراق سوۋغىدىن بىرنى بېرىپ، كۆڭلىڭىزنى بىلدۈرۈۋالسىڭىز بولىدۇ.

دېمەكچىمەنكى، ھەممە ئىشنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ھاياتىڭىزنى بۇنداق ئۇششاق ھالقىلارغا ئىسراپ قىلماڭ.

ئىشىكتىن چىقىشتا بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭغان بولسىڭىز ئالدىدا مېڭىۋېرىڭ. ئەگەر دوستىڭىز يول باشلىسا ئەگىشىڭىزلا بولىدى، «سىلى - ئۆزلىرى» دېيىشىپ بوسۇغىدا تۇرۇۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

زىياپەتتە ساھىبخانا سىزنى قايسى ئورۇنغا تەكلىپ قىلسا شۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، ھەرگىز «ياق، مەن تۆردە ئولتۇرسام قانداق بولىدۇ؟» دېگەندەك قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەڭ. دېسىڭىزمۇ بەرىبىر پايدىسى يوق. ساھىبخانا سىزنى چوڭ كۆرمىسە ئىدى، سورۇندا ئورۇن تېپىپ ئولتۇرمىقىڭىزمۇ تەسكە توختايتتى. ساھىبخانا ئېغىز ئاچماي تۆرۈپلا ئۆزىڭىز بېرىپ تۆردە ئولتۇرۇۋالسىڭىز بۇمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھەرقانداق زىياپەتلەردە زېرىككسىڭىز، سورۇن ئەھلى بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپلا كەتسىڭىز بولىدى. ئەگەر مېھمانلارنى ئۆرىتۆپە قىلىۋېتىشتىن قورقسىڭىز، «غىپپىدە» تىكىۋەتسىڭىز ئىش تۈگەيدۇ. يەنە بىرى، ئۆزىڭىزنى بەك مۇھىم چاغلاپ كەتمەڭ، كۆپىنچە زىياپەتلەر سىزنىڭ يوقلۇقىڭىز سەۋەبلىك ئاياغلىشىپ قالمايدۇ!

ئۆزىڭىزنىڭ ناخشا ئېيتىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى بالدۇرراق دەپ قويسىڭىزلا، ئۇلار سىزنى KTV لارغا مەجبۇرلاپ ئاپارمايدۇ. شۇڭا ئىمكانقەدەر ئۆزىڭىز خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلماڭ، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويسىڭىزمۇ ھېچقىسى يوق. توغرا گەپكە رەنجىيدىغانلار بىلەن دوست بولماسلىقنىڭ كارايىتى چاغلىق.

جۇڭگولۇقلار قائىدە - يوسۇن جەھەتتە مۇتەئەسسىپ كېلىدۇ، لېكىن ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىسەكمۇ بولمايدۇ. بىزدە يەنە «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دەيدىغان گەپمۇ بارغۇ؟ شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۆلچەم - مىزانلىرى ئاستىدا ياشىماي، ئۆزىڭىزنىڭ توغرا يولدا مېڭىۋېرىڭ، پارچە - پۇرات ھالقىلار، زۆرۈرىيەتسىز كۆڭۈل ئاياش، تەكەللۇپلار سەۋەبلىك ۋاقتىڭىز زايە بولمىسۇن.

uyghurkitap.com



# ئاچقۇچ تۆشۈكىدىن ئۈچ دۆلەتكە نەزەر

جاڭ ئېنخې
تاھىرجان ئەركىن تەرجىمىسى

ياۋروپادا پەۋقۇلئاددە كىچىك دۆلەتلەردىن نەچچىسى بار. ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز، زېمىنى بەكلا كىچىك، بەزىلىرى ھەتتا چوڭلۇقتا ئېلىمىزدىكى بىرەر بازار ياكى يېزىچىلىكمۇ كەلمەيدۇ، ۋاھالەنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن «پۈتۈن ـ سۆرۈك» دۆلەتلەردۇر.

ئىتالىيە دائىرىسىدە كۆپچىلىككە تونۇشلۇق سان مارىنو بىلەن ۋاتىكاندىن ئىبارەت ئىككى كىچىك دۆلەت بار. سان مارىنو ئىتالىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ۋاتىكان ئىتالىيەنىڭ پايتەختى رىمنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە. ئۇلار دۆلەت ئىچىدىكى، ھەتتا شەھەر ئىچىدىكى دۆلەتلەردۇر. ئەمەلىيەتتە رىم شەھىرىدە يەنە بىر تېخىمۇ كىچىك ئالاھىدە «دۆلەت» ــ مارتا ئوردېر (رىتسارلار ئۇيۇشمىسى) دۆلىتى بار، ئۇ كۆزگە چېلىقمىغۇدەك دەرىجىدە كىچىك بولغاچقا، ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى بىلمەيدۇ. مارتا ئوردېر دۆلىتى بىر «دۆلەت» دېيىلگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر كىچىك ئولتۇراق گۇللۇك. دۆلەتلىك ئۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «كىچىك» دېگەن بۇ سۈپەتمۇ ئۇنىڭغا چوڭ كېلىپ قالىدۇ. جۈملىدىن، ئۇ بىر دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي شارائىتلارنىمۇ ئۆزىدە ھازىرلىمىغان، بىراق ئۇ ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ئىگىلىك ھوقۇقى بار رەسمىي دۆلەتتۇر.



بىز بۇ يەرنى زىيارەت قىلغان كۈنى، پەقەت رىم شەھىرىدىكى كىچىكلا تۆپىلىكتىكى ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان جىمجىتقىنا كىچىك ئولتۇراق ھويلىنى كۆردۇق. ھويلا ئىچى ئوت ــ چۆپ، گۈل ــ گىياھلار بىلەن تولغان بولۇپ، بىرنەچچە تۈپ چوڭ دەرەخ كونا ئۇسلۇبتىكى كىچىك بىنانى قورشاپ تۇراتتى. ھەيۋەتلىك تۆمۈر دەرۋازا مەھكەم ئېتىكلىك ئىدى. دەرۋازا سىرتىدا بىرنەچچە ئىتالىيە ساقچىسى ئۇياق ــ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ساياھەت يېتەكچىسى بىزگە بۇنى بىر كىچىك قورۇ ئىكەن دەپ قالماڭلار، بۇ دېگەن شانلىق تارىخقا ئىگە دۆلەت، ئىتالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقى بۇ قورۇنىڭ تېمىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ، دېدى.

ئىگىلىنىشچە، مارتا ئوردېر ئەسلىدە ياۋروپا تارىخىدىكى بىر مەشھۇر دىنىي تەشكىلات بولۇپ، خىرىستىيان دىنىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، ئىلگىرى بىرمەھەل مارتا ئارىلىدا تۇرغان ۋە ئىجارە ئولتۇرغانىكەن. نۇرغۇن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۇنى

# سېرىق قۇيرۇق قۇشنىڭ «خۇشبۇي» ھىدى

چېڭ گاڭ

ئېلياس تەرجىمىسى

گابون جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمانلىرىدا ياشايدىغان سېرىق قۇيرۇق قۇش خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ بۇزغۇنچىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، سېرىق قۇيرۇق قۇشنىڭ ئايغى تەگكەنلىكى جايدىكى خۇش پۇراق گۈللەر «تالاپەت»كە ئۇچراپ، گۈل بەرگلىرى تۆكۈلۈپ، قارىغۇسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداقتا، سېرىق قۇيرۇق قۇش نېمە ئۈچۈن خۇش پۇراق گۈللەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ھادىسىدىن باشلاپ چۈشەندۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ.

سېرىق قۇيرۇق قۇش ناھايىتى چىرايلىق بولسىمۇ، ئەجەبلىنەرلىكى ئۇ ئورماندىكى يېتىم قۇش بولۇپ، باشقا قۇشلار ئۇنى كۆرسىلا ئۆزىنى ئەپقاچىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئەسلىدە سېرىق قۇيرۇق قۇش ئۆۋىسىنى يىللاپ تازىلىمايدىغان بولغاچقا، ئۇۋا ماياق ۋە ئەخلەت ـ چاۋارلار بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ماياق ۋە ئەخلەتلەرنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ تېنىگە سىڭىپ، ئۇنىڭدىن چىدىغۇسىز بەتبۇي پۇراق چىقىدىغان بولۇپ قالغاچقا، باشقا قۇشلار ئۇنى كۆرسىلا ئۆزىنى ئەپقاچىدۇ ھەتتا «مىجەزى ئىتتىكرەك»لىرى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ «سېسىق قۇش»نى قوغلىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ

ئۈزچىل بىر دۆلەت دەپ قاراپ كەلگەن ھەم ئىسمىنىمۇ مارتا ئوردېر دۆلىتى دەپ ئاتىغان.

گەرچە بۇ دۆلەتنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇ كىچىك تۇرالغۇ قورۇسىدىن باشقا ئالىقانچىلىك زېمىنى بولمىسىمۇ، بىراق 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسى بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە تارقالغان. ئۇلار مارتا ئوردېر دۆلىتىنىڭ پۇقراسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىگىمۇ ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەتتا ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ سىياسىي، مالىيە ساھەسىدە خېلى راۋۇرۇس تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلار. ئىلگىرى مارتا ئوردېر دۆلىتىگە پۇقرا بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئاقسۆڭەك بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى، ھازىر بۇ شەرت بوشىتىلدى، يەنى كىشىلەر مۇئەييەن سوممىدىكى بەدەل پۇل تۆلىسىلا مەزكۇر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولالايدىغان بولدى.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسى بىلەن ۋاتىكاندىكى پېتىر چېركاۋى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە جايلاشقان. دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچ تۆشۈكىدىن ئۇدۇل 138 مېتىر يىراقلىقتىكى پېتىر چېركاۋىنىڭ گۈمبىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دېمەك، بىر ئادەم مارتا ئوردېر دۆلىتىنىڭ دۆلەت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچ تۆشۈكىدىن ئۇدۇل قارىسا، ئىتالىيە پايتەختى رىمنى كېسىپ ئۆتۈپ ۋاتىكاننى كۆرەلەيدۇ. يەنى، بىر تۆشۈكتىن ئۈچ دۆلەتنى تەڭلا كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال جاھاندا ئاز ئۇچرىغاچقا، رىمغا كەلگەن كۆپىنچە ساياھەتچىلەرنىڭ بۇ جايغا كېلىپ، ئاچقۇچ تۆشۈكىدىن ئۈچ دۆلەتكە نەزەر سېلىپ باققۇسى كېلىدۇ!



يۈز بېرىدۇ.

سېرىق قۇيرۇق قۇش ئورمان جامائىتىگە قېتىلىپ ياشاش ئۈچۈن، ئۇزاق مەزگىل ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۆز بەدىنىنى خۇشبۇي پۇرىتىدىغان بىر خىل ئامالنى، يەنى خۇش پۇراق گۈل ياپرىقىنىڭ ئۈستىدە يۇمىلاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان. خۇش پۇراق گۈل ناھايىتى كۈچلۈك خۇش پۇراق چىقىرىدىغان بولۇپ، قۇياش نۇرى قانچە تولۇق بولسا، تارقىتىدىغان پۇراقمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا سېرىق قۇيرۇق قۇش قۇياش نۇرى تىك چۈشىدىغان چىڭقىچۈشتە، تومشۇقى بىلەن گۈل بەرگىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۈزۈپ، يەرگە تاشلاپ، سانى مەلۇم مىقدارغا يەتكەندە ئۇنىڭ ئۈستىدە يۇملاپ، خۇش پۇراق گۈلنىڭ ھىدىنى ئۆز تېنىگە يۇقتۇرۇۋشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن، بۇ خىل خۇشبۇي ھىد ئانچە ئۇزاققا بارمايلا يوقاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇلار داۋاملىق خۇش پۇراق گۈل ئىزدەپ، «گۈل بەرگىدە يۇمىلاش» ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. لېكىن، سېرىق قۇيرۇق قۇشنىڭ ئۆۋىسى ۋە تېنىدىكى سېسىق پۇراق گۈلنىڭ خۇش پۇرىقىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تېنىدىكى سېسىق پۇراق يوقمايدۇ. نەتىجىدە، داۋاملىق باشقا قۇشلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ، چەتكە قېقىلىدۇ. بىچارە خۇش پۇراق گۈللەرمۇ داۋاملىق تالاپەتكە ئۇچراۋېرىدۇ.

ھالبۇكى، سېرىق قۇيرۇق قۇشقا تۈگمەس ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنى ئۇنىڭ ناچار تۇرمۇش ئادىتى ئىدى. لېكىن، كۈلكىلىك يېرى، ئۇلار قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندىن كېيىن توپ سەۋەبىنى ئىزدىمەستىن، يۈزەكى ھەل قىلىش چارىسى ئىزدەپ، نەتىجىدە ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك مۇشەققەتكە قويغاندىن سىرت، گۈللەرنى ۋەيران قىلغان، ئۆزىمۇ يېتىم قالغان.

ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلارمۇ يۇقىرىقىدەك خاتالىقنى دائىم سادىر قىلىدۇ. خۇددى قايسى بىر دانىشمەن ئېيتقاندەك، «يۇيۇنمايدىغان ئادەم ھەرقانچە كۈچلۈك ئەتىر چاچسىمۇ يەنىلا خۇشبۇي پۇرىمايدۇ». شۇڭا، بىز «سېسىقچىلىق»نى قانداق تۈگىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

سىز يامغۇرنى ياخشى كۆرىمەن دەيسىز - يۇ، يامغۇر ياغسىلا كۈنلۈككىڭىزنى ئېچىۋالىسىز.

سىز ئاپتاپنى ياخشى كۆرىمەن دەيسىز - يۇ، ئاپتاپ چىقسىلا سايە ئىزدەيسىز.

سىز شامالنى ياخشى كۆرىمەن دەيسىز - يۇ، شامال چىقىشىغىلا دېرىزىلىرىڭىزنى ھەم ئېتىۋالىسىز.

شۇڭا، ماڭا «سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگىنىڭىزدە، قەلبىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان نەرسە تەشۋىشلا بولدى.

— ۋىليام شېكىسپىر

# بىر كەشپىياتنى بىر دۆلەتكە تېگىشىش

ۋاڭ چېڭ
ساھىبە روزى تەرجىمىسى

بەزى چاغلاردا تارىختىكى زور ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە كۆزگە چېلىقمايدىغان كىچىك ئىشلار تۈرتكە بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈنجى بولۇپ بىر ئالىمنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى غايىسى تۈرتكە بولغان.

1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى بالفوۋر يەھۇدىي مىللىتىدىن بولغان كاتتا باي روتسچىللىد جەمەتىدىكىلەرگە خەت يېزىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يەھۇدىي مىللىي دۆلىتى قۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تارىختا «بالفوۋر خەتنامىسى» دەپ ئاتالغان بۇ خەت چوڭ دۆلەتلەرنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاشكارا قوللىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. لېكىن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بالفوۋر بۇ خەتكە ئىمزا قويغاندا: «مېنىڭ بۇ خەتنى يېزىشىمغا ئاسېتون (acetone, $CH_3COCH_3$) تۈرتكە بولدى» دەپ چاقچاق قىلغانىكەن.

ئاسېتون ئىنسىز ئوق دورىسى ياساشتا زۆرۈر بولىدىغان بىر خىل خىمىيەلىك دورا بولۇپ، ياساش ئۇسۇلى مۇرەككەپ بولغاچقا، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، ئىنسىز ئوق دورىسىنى كۆپ مىقداردا ياساپ چىقىشتىكى ئەڭ زور توسالغۇ بولۇپ كەلگەن. ئەنگلىيە خان جەمەتى دېڭىز ئارمىيەسى تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەيدىغان خىمىيە ئالىمى خايىم ۋېيزمەن ئاسېتون بوتانول موك سىمان تاياقچە باكتېرىيەسى (Clostridium acetobutylicum) ئېچىتىش تېخنىكىسىنى كەشپ قىلىپ، ئاسېتوننى كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شۇنداقلا، بۇ تېخنىكا قوللىنىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە پادىشاھلىق دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ زەمبىرەك ئوقى ياسىشى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتى. دېڭىز ئارمىيەسى ئەنگلىيەنىڭ جان تومۇرى بولغاچقا، ئاسېتوننى كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەنگلىيە ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئەمما، ئەنگلىيەلىكلەر ئېرىشكەن بۇ جان قۇتقۇزغۇچ تېخنىكىنىڭ باھاسىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىدى. خايىم ۋېيزمەن بۇ يېڭى تېخنىكىغا پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، پاتېنت قانۇنىغا ئاساسەن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ تېخنىكىنى كارخانىلاردا ئىشلەتسە ئۇنىڭغا پاتېنتنى ئىشلىتىش ھەققى تاپشۇرمىسا بولمايتتى، ئەمما ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بەك كۆپ بولغاچقا، پاتېنت ھەققىگە ساناپ تۈگەتكۈسىز پۇل كېتەتتى.

شۇ چاغلاردا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئەنگلىيەنى بايۋەچچىدىن قەلەندەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. چۆنتىكى قۇرۇغدىلىپ قالغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يۈزىنى قېلىن قىلىپ ئۆزىنىڭ ياللانما خادىمى — خايىم ۋېيزمەنگە يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولدى: ھازىرچە سىزگە قەرز بولۇپ تۇرايلىمۇ؟ ياكى سىزگە سىر مەرتىۋىسى (ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىنىڭ بىر خىلى) ھەدىيە قىلساق قانداق؟

ھالبۇكى، خايىم ۋېيزمەن قولىنى سىلكىلىپ: «پۇلنى ئالمىسام بولىدۇ، سىر مەرتىۋىسىگىمۇ قىزىقمايمەن، سىلەر ماڭا ئەنگلىيەنىڭ

يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتى قۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرسەڭلەرلا كۇپايە» دېدى.

خايىم ۋېيزمەن يەھۇدىي بولۇپ، چاررۇسىيەدە تۇغۇلغان. گىتلېردىن ئىبارەت بۇ ئۇرۇش تەلۋىسى جاھاننى مالىمان قىلىشتىن بۇرۇن، چاررۇسىيە يەھۇدىيلارنى بوزەك قىلىشتا «ياۋروپا چېمپىيونى» ئىدى. چار پادىشاھ يەھۇدىيلارنى «چوشقا، ئىنەك ۋە چاشقان»لارغا ئوخشىتىپ، سەمرىگەندە سويۇپ يېيىش، خالىغان چاغدا سېغىپ سۈتىنى ئىچىش، بىزار بولغاندا قوغلىۋېتىش كېرەك، دەيتتى. دۆلەت پادىشاھى بۇنداق «ئۆلگە» تىكلەپ بېرىۋاتقان يەردە، پۇقرالارنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەنە شۇنداق بىر دۆلەتتە ياشىغان خايىم ۋېيزمەننىڭ بالىلىق دەۋرىدە كۆڭلىگە قانچىلىك داغ چۈشكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

شۇڭا ۋېيزمەن ئەھۋالنى ياخشىلاش، بۇ خىل زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇدى. ئىقتىدار ھازىرلىغاندىن كېيىن، ۋەتىنىدىن كەسكىنلىك بىلەن ئايرىلىپ، بىرىتانىيەگە كېلىپ ماكانلاشتى.

ئەينى چاغلاردا يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش كەيپىياتى پۈتۈن ياۋروپانى قاپلىغان بولۇپ، بىرقەدەر مەدەنىيەتلىك سانىلىدىغان ئەنگلىيەدىمۇ، ۋېيزمەن كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارغا دائىم يولۇقۇپ تۇراتتى. ئادەتتىكى كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقسا، بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ، بىرقانچە ئېغىز غۇدۇراپ قويۇپلا بولدى قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ۋېيزمەن قۇرۇق قاقشايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ روھىي كەيپىياتىنىڭ شۇنداق ناچار بولۇشىغا قارىماي، پۈتۈن زېھنى بىلەن كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ ئىشلىدى ھەم ئاخىرىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى ئۆزىگە ئېگىلدۈرگۈدەك چوڭ كەشپىياتنى ياراتتى.

ئەنگلىيە ۋېيزمەننىڭ شەرتىنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، پەلەستىن ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغاچقا، يەھۇدىيلارغا بېرىۋەتسىمۇ ئىچى ئېچىشمايتتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە پەلەستىنگە كەلگەن يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن كېيىن ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى ھېكايە بارلىققا كەلدى.

ۋېيزمەن ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، يەنە ئىسرائىلىيەنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى. يېقىندا ئۇنىڭ رەسمى ئىسرائىلىيە پۇلىغا بېسىلىپ، دۆلەت ئاتىسى دەپ تەرىپلەندى. ئۇ خىمىيە تەتقىقاتىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئەلۋەتتە، ئەينى چاغدا ۋېيزمەننىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن ياۋروپا پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە پەۋقۇلئاددە تەسىر كۈچكە ئىگە يەھۇدىي بايلىرىنىڭ قوللىشى بولمىغان بولسا، ۋېيزمەننىڭ خىيالى خىيال پېتى قېلىۋېرەتتى. لېكىن، بۇ يەردىكى مۇھىم نەرسە، ئۇ ئارزۇنىڭ ئىشقا ئېشىش ـ ئاشماسلىقىدىن بەكرەك، ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەن. بۇ نۇقتا ئارزۇ يولىدا گاڭگىراۋاتقان، كەلگۈسى مۇشەققەتلەردىن خۇدۇكسىرەپ يۈرگەنلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولسا كېرەك.



# 读者 (月刊)

(维吾尔文版)


新 疆 人 民 出 版 社 编 辑 出 版
( 乌 鲁 木 齐 市 解 放 南 路 348 号 )
印刷：乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
排版：米 尔 阿 地 力 排 版 工 作 室
乌 鲁 木 齐 市 邮 局 发 行
全 国 各 地 邮 局 订 阅


# تەرمىلەر


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھەرلىك جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
باسقۇچى: ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
بەت ياسىغۇچى: مىرئادىل بەت ياساش ئىشخانىسى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا نومۇرى: 830001　تېلېفون: 18999212473


---


国际标准刊号：ISSN1671－1327
国内统一连续出版物号:CN65-1144/GO
邮发代号：58 –135　定价 ：5.00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1671 ـ 1327
بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 ـ 1144 /GO
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 135 ـ 58　باھاسى: 5.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

